# مىللەت ۋە دىن

**2006.1**

# 新疆民族宗教

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)




مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك شەخس - باتىر

**مۇھىم سۆز**

- جياچىڭلىننىڭ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەزالىرى ئومۇمىي يىغىنى ھەمدە مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى، مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى نازارەت، ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشكەندە قىلغان سۆزى
- لى دېجۇنىڭ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەزالىرى ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزى

**ئالاھىدە خەۋەر**

- ئاپتونوم رايونىمىز ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى دوكلات يىغىنى ئاچتى.
- شاۋكەت ئىمىن كومىتېتىمىزغا كېلىپ خىزمەتلىرىمىزنى تەكشۈردى.

# ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى دوكلات يىغىنىدىن
# كۆرۈنۈشلەر



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇھىم سۆز قىلدى.





ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

2005 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى دوكلات يىغىنىنى چاقىردى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىنغا ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كېرىمباي، جاڭ شيۇمىڭ، نۇربەكرى، شاۋكەت ئىمىن، جاپپار ھەبىبۇللا قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى قاتناشتى.



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي خىزمەت دوكلاتى بەردى.



ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جىنچياڭ خىزمەت دوكلاتى بەردى.



ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئۆمەر خىزمەت دوكلاتى بەردى.



ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن باشلىقى تەلئەت خىزمەت دوكلاتى بەردى.

(يۇقىرىقى سۈرەتلەرنى كې فېڭجياۋ تارتقان)

# يولداش جيا چىڭلىننىڭ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەزالىرى ئومۇمىي يىغىنى ھەمدە مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى، مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى نازارەت، ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشكەندە قىلغان سۆزى

يولداشلار:

بۈگۈن، يولداش لياڭ يۈ، يولداش يەندۈڭ بىلەن بىرگە سىلەر بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. ئالدى بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن سىلەردىن ھەمدە سىلەر ئارقىلىق مىللەت، دىن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كادىرلاردىن سەممىمىي ھال سورايمەن. شۇنداقلا مىللەت، دىن خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللاپ كېلىۋاتقان دوستلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان 2005 - يىلى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشلىرى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان، شۇنداقلا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەن بىر يىل بولدى؛ جۈملىدىن مىللەت، دىن خىزمىتى جەھەتتە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەن، مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر يىل بولدى. يولداش خۇجىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇمۇمىيلىقنى چىڭ ئىگىلەپ، ۋەزىيەتنى چوڭقۇر كۆزىتىپ ھەم تەھلىل قىلىپ، مىللەت، دىن خىزمىتىگە قارىتا بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە زور ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. بىز مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەمدە شىزاڭنىڭ تەرەققىيات، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە ھۆججەت چىقاردۇق. «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئېلان قىلدۇق. شىزاڭ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئىناقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى، جەمئىيەت ئىناقلىقىدىن ئىبارەت ياخشى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدۇق ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردۇق. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى، يولداش خۇجىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، جۈملىدىن مىللەت، دىن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەڭ كادىرلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

2006 - يىلى «11 - بەش يىللىق» يىرىك پىلان يولغا قويۇلىدىغان بىر يىل، شۇنداقلا مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە «دىن ئىشلىرى نىزامى» چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلىدىغان مۇھىم بىر يىل. مىللەتلەر خىزمىتى ھەم كامىدىن كام ئۇچرايدىغان پۇرسەتكە، ھەم ئېغىر ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. يولداشلارنىڭ مىللەت، دىن مەسىلىلىرىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا چوقۇم باشتىن ئاخىر ياخشى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زور مەسىلە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىنى، مىللەت، دىن خىزمىتىنىڭ باشتىن ئاخىر پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم خىزمەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىنى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەت، دىن مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ۋە

( داۋامى 60 - بەتتە )

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) باشقۇرۇشىدىكى ژۇرنال

# مىللەت ۋە دىن

(قوش ئايلىق ژۇرنال)

2006 ـ يىل 1 ـ سان

(ئومۇمىي 57 ـ سان)

(ئىچكى ماتېرىيال، ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدۇ)

تەھرىر ھەيئىتى تەركىبىدىكىلەر

پەخرىي مۇدىرى: ليۇ جېنچياڭ

مۇدىرى: ھاپىز نىياز

دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:

خې جۇڭدې، ئابدۇرېشىت نىياز

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:

شۇ شىجېي، قىسامادىن

چۆ جېي

ئەزالىرى: ئۆركىنقان ساتىپىرباي، ئادىر، ئادەي، غېنى ھېلىم، مەتنىياز روزى، ياقۇپ ئۆمەر، ئابلېكىم قېيۇم، ھەمدۇللا توقسۇن، ئابلىتىپ ئاقموللا، ئابدۇغوپۇر قادىر، ليۇ دۇڭ، غۇلام ئىبراھىم، ما ۋېنشىن، مامۇر قاجى، سۇ لەيچى

## مۇندەرىجە

مۇھىم سۆز

يولداش جيا چىڭلىننىڭ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەزالىرى ئومۇمىي يىغىنى ھەمدە مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى، مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى نازارەت، ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشكەندە قىلغان سۆزى. . . . . . . . . . . . . . . . (باش بەت)

ئالاھىدە خەۋەر

ئاپتونوم رايونىمىز ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى دوكلات يىغىنى ئاچتى. . . . . . . . . . . . . گې فېڭجياۋ 1

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن كومىتېتىمىزغا كېلىپ خىزمەتلىرىمىزنى تەكشۈردى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 3

مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنى خەۋىرى

يولداش لى دېجۇنىڭ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەزالىرى ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزى. . . . . . . . . . . . . 4

تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى، ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەرەققىياتى. . . . . ئەنەيتۇللا خالىق 22

مىللىي مەدەنىيەت

ئىسلام دىنىنىڭ قىرغىزلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . تاڭ جياڭخاۋ 34

يەر شارىلىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ھەققىدە. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . جاڭ ۋېنشۇ 36

«مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلى تەھرىراتى

مەسئۇل مۇھەررىر : گې فېڭجياۋ
مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر :
قۇربان مۇھەممەت
مۇھەررىرلەر: مەھمۇد ئىنايەت
مۇنەۋۋەر ئابدۇللا ، كۈلەيخان
لى فېڭباۋ ، فاڭ رويۈ ، باغدار
ليۇ توڭ

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى چياڭجياڭ يولى 1 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تېلېفون نومۇرى: 5860308 (0991)
باسقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتى
بېسىلغان ۋاقتى: 2006 ـ يىل 3 ـ ئاي
ئىچكى گېزىت ـ ژۇرناللار (ژۇرنال شەكىللىك) نى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش نومۇرى: 0206

**چەتئەل مەدەنىيىتىگە نەزەر**

ۋېتناملىقلارنىڭ قەبرىستان مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم.................. رەھىم يۈسۈپ 46

**مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار**

ئاپتونوم جايلار سانائەتلىشىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم............... مەھمۇد ئىنايەت 48

**مىللەت ، دىن خىزمىتى ئۇچۇرلىرى**

شىنجاڭنىڭ مىللەت ، دىن خىزمىتى ئۇچۇرلىرى.......... 51

**مىللەت ، دىن خىزمىتى خاتىرىسى**

شىنجاڭنىڭ مىللەت ، دىن خىزمىتى خاتىرىسى.......................... (2005 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە) 54

مۇقاۋىدا:

مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك شەخس— باتېر (موڭغۇل)

مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە : ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى دوكلات يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

گې فېڭجياۋ فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە :

مىللەت ، دىن خىزمىتى ئالبومى

ليۇ توڭ قاتارلىقلار فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە :

كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىدىن كۆرۈنۈشلەر

ليۇ توڭ فوتوسى

قىستۇرما بەتتە :

مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش مىلودىيىسىنى ياڭرىتايلى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئورگىنىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ۋە يېڭى يىللىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر

لۇ جيەن ، ۋاڭ ۋېيشېڭ ، گې فېڭجياۋ فوتوسى

## 《新疆民族宗教》编委会

名誉主任：刘振强

主　　任：阿比孜·尼亚孜

常务副主任：贺忠德

阿不都热西提·尼牙孜

副主任：许世杰　何沙木丁　瑞杰

编　　委：乌尔肯汗·沙特尔拜、阿德尔、阿岱、艾尼·艾力木、买提尼牙孜·肉孜、牙合甫·吾买尔、阿不力克木·克尤木、安木都·托克逊、阿不力提甫、阿不都吾甫尔·卡德尔、刘东、吾拉木丁、马文新、马木尔哈志、苏来琦

## 《新疆民族宗教》编辑部

（维吾尔文）

主　编：葛丰交

副主编：库尔班·买买提

编　辑：马合木提、米娜瓦尔、库来汗、李凤波、房慈愚、巴格达、刘彤



## 《新疆民族宗教》

2006年第1期（总第57期）

地　址：乌鲁木齐市长江路1号

邮　编：830000

传　真：(0991)5840665

电　话：(0991)5849920

(0991)5860308

印　刷：乌鲁木齐隆益达印务有限公司

出版日期：2006年3月

准印证：新疆内部资料（刊形）

准印证0206号



**重要讲话**

在接见国家民委委员全体会议暨全国民委主任、全国宗教厅局长会议代表时的讲话　贾庆林

**特别报道**

自治区召开爱国宗教人士培训工作汇报会　葛丰交(1)

自治区党委常委肖开提·依明来我委调研　(3)

**国家民委主任会议专题**

在国家民委委员全体会议暨全国民委主任会议上的讲话　李德洙(4)

**研究与探索**

邓小平民族理论的形成及其内容与发展　艾乃比拉·哈力克(22)

**民族文化**

浅谈伊斯兰教对柯尔克孜族的影响　汤江颖(34)

全球化背景下的新疆少数民族文化建设　张文学(36)

**外国文化**

关于越南公墓文化的思考　热依木·玉素甫(46)

**民族自治地方**

民族自治地方要推进工业化进程　马合木提(48)

**民族宗教工作信息**

国家民委向哈密市两所学校捐赠电脑，改善双语教学条件等信息　(51)

**新疆民族宗教工作纪事**（2005年11~12月）　(54)

**封面**

全国民族团结进步模范个人——巴图尔（蒙古族）　新民摄

**封二**

自治区爱国宗教人士培训工作汇报会剪影　葛丰交摄

**封三**

民族宗教工作剪影　刘彤等摄

**封四**

委（局）机关精神文明创建工作掠影　王卫胜等摄

**插页**

唱响各民族共同团结奋斗、共同繁荣发展主旋律

——自治区民委（宗教局）机关第四届文艺会演暨新春联谊掠影　陆健、王卫胜、葛丰交摄

# ئاپتونوم رايونىمىز ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى دوكلات يىغىنى ئاچتى

—ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى—

[ ژۇرنىلىمىز خەۋىرى ] 2005 - يىلى 25 - دېكابىر، ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى دوكلات يىغىنى ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەشنى ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەتلەر قاتارىدا تۇتۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان مېخانىزم ئورنىتىپ، تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن تەربىيىلەش مەزمۇنىنى بېيىتىپ، تەربىيىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشىشى لازىم.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كېرىمباي، جاڭ شيۇمىڭ، نۇر بەكرى، شاۋكەت ئىمىن، جاپپار ھەبىبۇللا بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جېنچياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئۆمەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن رەئىسى تالئەتلەر بۇ يىغىندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا رايونىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ھەققىدە پىكىر بايان قىلدى.

ۋاڭ لېچۈەن بەش يىلدىن بۇيان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ سىياسىي ئېڭى، سىياسەت سەۋىيىسى، قانۇن ئېڭى، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت بىلىملىرى يۈكسەلدى، دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇنغا تايىنىش، قانۇن بويىچە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئېڭى ۋە ئاڭلىقلىقى كۈچەيدى، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بوشلۇقى زور دەرىجىدە تارايدى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىدىيىۋى ئاساسى مەستەھكەملەندى.

ۋاڭ لېچۈەن بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى ھەققىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش — ئىدىيىۋى ساھەسىدىكى بىر تۈرلۈك ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت. شۇڭا، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يېڭى مەزگىلدىكى تەربىيىلەشتە يېڭىلىق يارىتىلىشى، يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇشى، يېڭىلىق تۇيغۇسى بولۇشى لازىم. ئەمەلىيەت داۋامىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ يېڭى تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى ئىزدەپ تېپىش لازىم. جۈملىدىن ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ نىشانلىق ئىش قىلىپ، ئۆتۈلىدىغان دەرس مەزمۇنىنى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش، ئېكىسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىشكە يېتەكلەش لازىم. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ترانسفورماتور گۇرۇھى ئورنىغا، جىنيۇ گۇرۇھىغا، گۇاڭخۇي گۈزەل ئولتۇراق رايونى قاتارلىق ھازىرقى زامان كارخانىلىرىغا، نۇقتىلىق كارخانىلارغا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا ھەمدە يېقىن ئەتراپتىكى بېيىغان يېزا - كەنتلەرگە ئاپىرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش لازىم. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئېلېكترلەشكەن تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، قاتۇرۇلما مودېللارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرۇش شەكىللىرى ئارقىلىق، ئۇلارغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 50 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلىرىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش لازىم.

ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دىنىي سوت-

سىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، دىندىكى ئاكتىپ ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. تەربىيە ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش مەيدانىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ئاكتىپلىقىنى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايدىغان قىلىش كېرەك؛ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا، ئاممىۋى پاراۋانلىق پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇپ، ئاممىنى يېتەكلەپ ئورتاق بېيىش يولىغا ماڭىدىغان قىلىش لازىم. تەربىيىگە ئىگە بولىدىغان ۋە بولغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى پەن - تېخنىكىنى ئۆگىنىدىغان، پەن - تېخنىكىنى قوللىنالايدىغان قىلىپ، ئۇلارنى باشلامچىلىق بىلەن بېيىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى ئەمگەك بىلەن بېيىشقا يېتەكلەيدىغان نەمۇنىچىلارغا ئايلاندۇرۇش لازىم؛ ئۇلارنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى داۋامىدا تېخىمۇ زور رول ئوينايدىغان قىلىش لازىم.

ۋاڭ لېچۇەن مۇنداق دېدى: جايلار، تارماقلار ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى، خىزمەت سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، تەربىيەلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا پەۋقۇلئاددە تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان پارتىيىمىز ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما بىزنىڭ ئاساسىي ئاممىمىز، تايىنىدىغان ئوبيېكتىلىرىمىز. بۇ ئىدىيىنى تەربىيە خىزمىتىگە سىڭدۈرۈشىمىز، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىندا مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش توغرىسىدىكى قارارى ئىنتايىن دانالىق بىلەن چىقىرىلغان. بىرقانچە يىلدىن بېرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىدە ئىنتايىن زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر يەنىلا ئېغىر ۋە مۇشكۈل. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر بۇ تەربىيەلەش خىزمىتىنى پىلانىغا كىرگۈزۈشى، بۇنىڭغا ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، قەتئىي بوشاشماي بۇ خىزمەتنى ئوبدان تۇتۇشى كېرەك. سېلىشقا تېگىشلىك مەبلەغنى جەزمەن سېلىش، ياخشىلاشقا تېگىشلىكلىرىنى جەزمەن ياخشىلاش لازىم. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ياخشى ئۆگىنىپ، ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە يىغىندىن خۇلاسە چىقاردى. ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش خىزمىتى ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور، تەسىرى چوڭقۇر بولۇپ، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى يېتەكچى ئىدىيە. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىمۇ تۆت جەھەتتىكى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ سۆزىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەربىيەلەش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

2001 - يىلىدىن باشلاپ، مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، رايونىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ كېڭەيتىشىگە سازاۋەر بولدى. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەربىيەلەنگەن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات 30 مىڭ كىشىگە يېقىنلاشتى.

**مەھمۇد ئىنايەت** تەرجىمىسى
تەھرىرلىگۈچى: **قۇربان مۇھەممەت**

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن كومىتېتىمىزغا كېلىپ خىزمەتلىرىمىزنى تەكشۈردى

[ ژورنىلىمىز خەۋىرى ] 2006 ـ يىلى 5 ـ فېۋرالدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي كومىتېتىمىزغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى. شاۋكەت ئىمىن كومىتېتىمىز دوكلات قىلغان 2005 ـ يىللىق ھەج ـ تاۋاپ خىزمىتى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ھەمدە كومىتېتىمىزنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتىگە قارىتا بىر قانچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: مىللەت، دىن خىزمىتىدە چوڭ ئىشلارنى تۇتۇشنى، چوڭ ئىشلار ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ماسلاشتۇرۇپ، ماسلىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، باشقۇرۇش بىلەن مۇلازىمەتنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق كۆڭلىدە سان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

مىللەت، دىن خىزمىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسىنى تېپىپ، ئۆزىمىزنىڭ ماركىسىنى يارىتىشىمىز لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جېنچياڭ دوكلات يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رېشىت نىياز 2005 ـ يىللىق ھەج ـ تاۋاپ خىزمىتى ئەھۋالىنى تەپسىلىي دوكلات قىلدى. كومىتېت (ئىدارە) ىمىز رەھبەرلىرى، ھەرقايسى باشقارما (ئىشخانا) مەسئۇللىرى ھەمدە ھەج ـ تاۋاپ خىزمەتچىلىرى بولۇپ جەمئىي 40 نەچچە كىشى دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن 2005 ـ يىللىق ھەج ـ تاۋاپ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۆتكەن يىللىق ھەج ـ تاۋاپ خىزمىتىنىڭ ئىشلىنىشى پۇختا، ئەستايىدىل، ئۈنۈملۈك بولدى، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن. مېنىڭچە يەكۈنلەشكە تېگىشلىك بىر قانچە نۇقتا باردەك قىلىدۇ؛ بىرىنچىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆتكەن يىلى ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى؛ ئىككىنچىدىن، ياخشى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى شەكىللىنىپ بىرىكمە كۈچ بولۇپ ئۇيۇشتۇرۇلۇپتۇ؛ ئۈچىنچىدىن، خىزمەتلەر دەل جايىدا ئىشلىنىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپتۇ؛ بۇنىڭ بىلەن كۆڭۈلدە سان بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپتۇ؛ تۆتىنچىدىن، ئادىل، باراۋەر، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ ھىمايىسى قولغا كەلتۈرۈلۈپتۇ؛ بەشىنچىدىن، باشقۇرۇش ئۆتكىلى ئالدىغا سۈرۈلۈپ، خىزمەتلەر ئاساسىي قاتلامدىلا ئىشلىنىپتۇ؛ ئالتىنچىدىن، ئۇچۇرلار دەل ۋاقتىدا توغرا ئىگىلىنىپ ھەج ـ تاۋاپ خىزمىتىگە مۇلازىمەت قىلدۇرۇلۇپتۇ.

بۇ يىللىق ھەج ـ تاۋاپ خىزمىتى ئۈستىدە شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: بۇ يىللىقى ھەج ـ تاۋاپ خىزمىتىنى دەل ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئۆز ئالدىغا ھەج ـ تاۋاپ قىلغۇچىلارغا قارىتا يېڭىچە تەدبىر بولۇش لازىم، ھادىسە بىلەن ماھىيەتنى تەڭ تۇتۇپ، خىزمەتنىڭ ئاساسىي ئېغىرلىق نۇقتىسىنى ئاساسىي قاتلامغا قارىتىش، مەسىلىلەرنى ئاساسىي قاتلامدىلا ھەل قىلىش لازىم. توغرا كەيپىياتنى تۇرغۇزۇش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن ھەج خىزمىتىنىڭ يىلمۇ يىل ياخشى ئىشلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتكومنى، ھۆكۈمەتنى رازى قىلىشىمىز، ئاممىنى مەمنۇن قىلىشىمىز، جۈملىدىن ئۆزىمىزنىمۇ رازى قىلىشىمىز لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە ھەج ـ تاۋاپ خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، ئەستايىدىل ئۆگىنىش لازىم. ئۇنى تۈزۈملەشكەن مەسىلە قىلىپ شەكىللەندۈرۈپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۈنۈمگە ئىگە مېخانىزم قىلىپ تۇرغۇزۇش كېرەك. بۇ قېتىملىق ھەج ـ تاۋاپ خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دىن خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىغا، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا، دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا دوكلات قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇنى رايونىمىزنىڭ بىرلىكسەپ بۆلۈم باشلىقلىرى، مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلان قىلىش لازىم.

**مەھمۇد ئىنايەت** تەرجىمىسى
تەھرىرلىگۈچى: **قۇربان مۇھەممەت**

# يولداش لى دېجۇننىڭ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەزالىرى ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزى

يولداشلار:

بۇ قېتىمقى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەزالىرى ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بۇ قېتىمقى يىغىنغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. يۇقىرىدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى يولداش جيا چىڭلىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى يولداش خۇي لياڭيۈ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش ليۇ يەندۇڭلار يىغىنغا كېلىپ كۆپچىلىكنى يوقلىدى. يولداش جيا چىڭلىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇنىڭ سۆزى خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزدە مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش جيا چىڭلىننىڭ سۆزىنىڭ روھىغا ئاساسەن مۇنداق ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن:

### 1. 2005 ـ يىللىق خىزمەتلەر توغرىسىدا

2005 ـ يىلى مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۇرسەت چىڭ تۇتۇلغان، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەن، مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن، تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ھاسىل قىلىنغان بىر يىل بولدى. بىر يىلدىن بۇيان، مىللەتلەر خىزمىتىدە چوڭ ئىش كۆپ، مۇھىم ئىش كۆپ، خۇشاللىنارلىق ئىش كۆپ، خىزمەت سالمىقى زور، بۆسۈش زور، تەسىر زور بولدى. يىغىنچاقلىغاندا، ئاساسلىقى مۇنداق سەككىز چوڭ ئىش بولدى.

بىرىنچى، مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ 4 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتا ئېچىلغان بىر قېتىملىق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى تەشكىللەنگەندىن كېيىن چاقىرىلغان بىر قېتىملىق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مىللەتلەر خىزمىتىدە ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشتا نامايەندە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارار»ى ئېلان قىلىندى. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللەتلەر خىزمىتىگە دائىر تۇنجى قارار، يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى مىللەتلەر خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، شۇنداقلا تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، «گوۋۇيۈەننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى›نى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە

بەلگىلىمىسى » ئېلان قىلىندى. بۇ ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلان قىلىنغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى تۇنجى مەمۇرىي قانۇن، شۇنداقلا تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

گوۋۇيۈەن «نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش پىلانى »نى ماقۇللاپ، مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى. بۇ تارىختىكى تۇنجى ئىش، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات تارىخىدىكى زور بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچى، «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلىرىغا دائىر ‹11 - بەش يىللىق› پىلان» ۋە «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى ‹11 - بەش يىللىق› پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى. مىللەتلەرگە دائىر مەخسۇس پىلاننىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى تارىخىي خاراكتېرلىك بىر بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

ئالتىنچى، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى داغدۇغىلىق، قىزغىن تەبرىكلەندى. بۇ ئىككى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ ئۆلچىمى يۇقىرى بولدى (مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ئۆمەك باشلىقى بولدى)، كۆلىمى زور بولدى (مەركەز تەبرىكلەش ئۆمىكى 61 كىشىدىن تەشكىل قىلىندى)، ئىنكاس ياخشى بولدى (قوللاش سالمىقى زور بولدى، نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەل قىلىندى)، دۆلىتىمىز ئىچى - سىرتىدا زور تەسىر پەيدا قىلدى، بۇمۇ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىر يېڭى بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

يەتتىنچى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە بىر ھۆججەت چىقىرىشقا تەييارلىق كۆردى. بۇ مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر يېڭى بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

سەككىزىنچى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى دۆلەتلىك تەرەققىيات بانكىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا سىياسەت خاراكتېرلىك ئىناۋەتلىك قەرز سوممىسى بېرىشنى توختاملاشتى، بۇ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىر يېڭى سىناق، شۇنداقلا بىر يېڭى بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

بۇ سەككىز چوڭ ئىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى چوڭ ئىش، تېخىمۇ مۇھىمى بىز مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ چوڭ ئىشى. بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى ئەسلىگىنىمىزدە روھىمىز ئۇرغۇپ، چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمىمىز. يىغىنچاقلىغاندا مۇنداق ئالتە جەھەتتىكى تونۇش ۋە تەسىراتقا ئىگە بولدۇق.

**1 ) مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەش، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇش زۆرۈر**

بۇ يىللىق مىللەتلەر خىزمىتىدە مۇشۇنداق بىر ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، بىز پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى پۇختا ئىگىلەپ، مەركەز مىللەتلەر خىزمىتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتكۈل خىزمەتنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردۇق.

بىرىنچى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى پۇختا ئىگىلىدۇق. دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تۆۋەن سەۋىيىلىك، تولۇق بولمىغان، تەڭپۇڭسىز ھاللىق ئەھۋالى ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ؛ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا ئاز سانلىق

مىللەت رايونىدا. ئاز سانلىق مىللەت رايونى ھاللىق سەۋىيىگە يەتمىسە، پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ھاللىق سەۋىيىسىگە يېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى زامانىۋىلاشمىسا مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىيلىقنى پۇختا ئىگىلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى تەتقىق قىلدۇق ۋە ئىلگىرى سۈردۇق.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى پۇختا ئىگىلىدۇق. مىللەتلەر ئىشلىرى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، تەڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبىلىك بولۇشىدىكى تۈپ كاپالەت دەپ قارىدۇق.

ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ تەلەپنى پۇختا ئىگىلىدۇق. مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەشنى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم بەلگىسى قىلدۇق.

بۇ يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى تەلەپلەرگە قارىتا، مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىپ، ئومۇمىيلىق ۋە ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردۇق. مەركەز تەكلىپىمىزنى تەستىقلىدى. بۇ يىل 5 - ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەن مەركەز مىللەتلەر خىزمىتىنى داغدۇغىلىق ئاچتى. يىغىن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى، ئىنكاسمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەلىپى، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش تەلىپى، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش تەلىپى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىن كۈتىدىغان تەلىپى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى.

**2) مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش زۆرۈر**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ «پۇرسەت ئاسان قولغا كەلمەيدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. پۇرسەتنى چىڭ تۇتقاندا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، تەشەببۇسكارلىقنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ؛ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغاندا سەپنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. 1999 - يىلى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈچ چوڭ ئىشنى قىلىپ، بىر نەچچە يىللىق خىزمەت ئاساسى سالغانىدۇق. بۇ يىل بىز يەنە ئۈچ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ خىزمىتىمىزنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئاچتۇق.

بىرىنچىدىن، ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتتۇق.

ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىزنى تارىخىي خاراكتېرلىك پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. پەقەت ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئېلىمىزنىڭ باشقا رايونلىرى بىلەن، تەرەققىي قىلغان رايونلىرى بىلەن بولغان تەرەققىيات پەرقىنى ئۈزلۈكسىز ئازايتقىلى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئومۇمىيلىقتىكى تېخىمۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. مەركەز مىللەتلەر خىزمىتىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، تەرەققىياتنى تېزلىتىشنى يىغىنىنىڭ ئاساسىي تېمىسى قىلىش تەكلىپىنى بەردۇق؛ «قارار»نى تەييارلىغاندا، نامىنىلا تەرەققىياتنى تېزلىتىش قىلىپ قويماستىن، بەلكى يەنە 30 ماددىنىڭ 12 ماددىسىنى تەرەققىياتنى تېزلىتىشقا ئاجراتتۇق، مەركەز تەكلىپىمىزگە قوشۇلدى.

بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدە مەسىلىلىرىنى گەۋدىلىك ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئاممىسىنىڭ قورساق غېمى، ئوقۇش غېمى، كېسەل كۆرسىتىش غېمى مەسىلىسى؛ چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقى مەسىلىسى؛ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى ۋاھاكازالار. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا باش شۇجى، زۇڭلى ۋە باشقا مەركەز رەھبەرلىرى مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىز ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پائال ماسلاشتۇرۇپ تىرىشىپ ئىشلىگەچكىلا، نەچچە يىلدىن بۇيان ھەل قىلماقچى بولۇپ ھەل قىلالمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇق، نەچچە يىلدىن بۇيان قىلماقچى بولۇپ قىلالمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدۇق.

ئىككىنچىدىن، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتتۇق.

غەربىي رايونلىرنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئاساسلىقى مىللەت ئامىلى، چېگرا ئامىلى، نامراتلىق ئامىلىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل كۆزدە تۇتۇلغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ چوڭ تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر ۋە زور تارىخىي پۇرسەتكە ئايلاندى.

بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىشنى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىش تەكلىپىنى بېرىپ، ھەم تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سېلىش ھەم تېخىمۇ ئەۋزەل ئېتىبار سىياسىتى بېرىش، ھەم ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىش، ھەم ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، ھەم مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەم ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ كەسپلەر بويىچە ياردەم بېرىشىنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت «ئۈچ ھەم، ھەم»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ مۇھىم پرىنسىپلار مەركەزنىڭ ھۆججىتىگە ئېنىق قىلىپ كىرگۈزۈلدى.

بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش سىياسىتىگە ئوخشاش سىياسەتتىن بەھرىمان بولۇشنى ئىلگىرى سۈردۇق. گوۋۇيۈەننىڭ «بىر قانچە بەلگىلىمە»سىدە بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزدىكى بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 120 ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھەممىسى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە كىرگۈزۈلدى.

ئۈچىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ 11 - بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتتۇق.

بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەكشۈرۈپ تەت-

قىق قىلىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى سىياسەت تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدۇق. مەركەز رەھبەرلىرى «11 - بەش يىللىق» پىلاننى تۈزگەندە ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى بىر مۇھىم يېتەكچى ئىدىيە دەپ بېكىتىپ، تېخىمۇ كۆپ سىياسەت ياردىمى ۋە تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ ياردىمى بېرىش كېرەك، دەپ ئېنىق يوليورۇق بەردى.

بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى روھىنىڭ دۆلەتنىڭ «11 - بەش يىللىق» پىلانىدا گەۋدىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ پىلان دۆلەتنىڭ مەخسۇس پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

**3 ) مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ ئالاھىدىلىكنى تۇتۇش زۆرۈر**

مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ ئاساسلىقى ئالاھىدىلىكنى تەتقىق قىلىش؛ شەيئىلەرنى تونۇشتا ئەڭ ئاساسلىقى ئالاھىدىلىكنى تونۇش؛ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە ئەڭ ئاساسلىقى يەنىلا ئالاھىدىلىككە بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ھەممىلا ئىشتا مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى نەتىجىگە ئېرىشمەن دەيدىكەن چوقۇم ئالاھىدىلىكنى تەتقىق قىلىپ، بۆسۈش ئېغىزىنى توغرا تاللاپ، ئالاھىدىلىكنى تۇتۇپ، ئارتۇقچىلىق ھاسىل قىلىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇشتا يېڭى بۆسۈشكە ئېرىشتۇق.

گوۋۇيۈەن مەخسۇس «پىلان» ماقۇللاپ، مەخسۇس يىغىن ئاچقاندىن كېيىن، ئالاقىدار جايلار ۋە تارماقلار پىلان ۋە يىغىننىڭ روھىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتتى.

① دۆلەتلىك تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى ھەر يىلى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇشقا ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن 200 مىليون يۈەن ئاجرىتىشنى قارار قىلدى. بۇ مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسى بىر مىليارد يۈەن.

② مالىيە مىنىستىرلىكى بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇدا بەش يىل، يىلىغا ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغىگە 70 مىليون يۈەن قوشۇپ بېرىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇشقا مەخسۇس ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. ھەر يىلى بۇ خىزمەتكە ئاجرىتىلىدىغان مەبلەغ 112 مىليون يۈەنگە يەتتى.

③ گوۋۇيۈەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئىشخانىسى تويىنىش - كېيىنىش مەسىلىسى تېخىچە ھەل قىلىنمىغان، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان 345 كەنتنىڭ ھەممىسىنى نامراتلارنى يۆلەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ئىلگىرى سۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈشنى ھەممە ئۇنى ئاۋۋال باشلاشنى قارار قىلدى.

④ قاتناش مىنىستىرلىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان 145 كەنتنىڭ ھەممىسىنى دۆلەتنىڭ يېزا - كەنت تاشيول قۇرۇلۇشى پىلانىغا كىرگۈزۈشنى ھەممە ئۇنى ئاۋۋال باشلاشنى قارار قىلدى.

⑤ جۇڭگو خەلق بانكىسى ۋە دۆلەت تەرەققىيات بانكىسىمۇ ئىناۋەتلىك قەرز جەھەتتە ياردەم بېرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ئىككىنچىدىن، چېگرىنى گۈللەندۈرۈشتە يېڭى بىر پەللىگە ئۆرلىدۇق.

بۇ يىل 110 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 400 دىن ئارتۇق تۈرگە ياردەم بەردۇق. چېگرىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى پىلانىنى تۈزۈش ئۈچۈن يەتتە مىنىستىرلىك، كومىتېت بى-

لەن بىرلىكتە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مۇشۇ ئاساستا پىلان لايىھىسىنى تۈزۈپ، تور ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقتۇق. نۆۋەتتە، پىلان لايىھىسىنى دۆلەتلىك تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىغا يوللىدۇق، ھەمدە مەركەزدىكى ئالاقىدار 28 ئورۇن، چېگرىدىكى توققۇز ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا يوللاپ بەردۇق.

ئۈچىنچىدىن، مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى مەمۇرىي نىزاملارنى تەييارلاشتا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇق.

گوۋۇيۈەنىنىڭ «بىر قانچە بەلگىلىمىسى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. «گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇش نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشمۇ گوۋۇيۈەن قانۇنچىلىق ئىشخانىسىنىڭ خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئوخشاشلا ئالاھىدىلىكنى چىڭ تۇتتۇق. بېرۇنىڭ پايتەختى لىمادا جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت ـ سەنئەت كۆرىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدۇق. ئېلىمىزنىڭ پېرۇدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، بۇ ھازىرغا قەدەر ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ، دېدى. تەيۋەنگە قارىتىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇق، ئىككى قىرغاقتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئەمەلىيەت، ئالاھىدىلىك بولغاندىلا سىياسەت بولىدىغانلىقىنى، ئالاھىدىلىك بولغاندىلا ئورنى بولىدىغانلىقىنى، ئالاھىدىلىك بولغاندىلا ئىشلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. خىزمەتلىرىمىزدە ئالاھىدىلىكنى تۇتساقلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە، قوللىشىغا، قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلەيمىز.

### 4 ) مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە تەشەببۇسكار بولۇپ، ماسلاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش زۆرۈر

ماسلاشتۇرۇش مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ مۇھىم بۇرچى. ھەربىر خىزمىتىمىز قايتا ـ قايتا ماسلاشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق، خىزمەت ئۈنۈمىمىز چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ماسلاشتۇرۇش ئۈنۈمىمىزگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەلۇم جەھەتتە ئۇلاردىكى ماسلاشتۇرۇش ئېڭى مۇلازىمەت ئېڭى، ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارى ئىش بېجىرىش ئىقتىدارى، ماسلاشتۇرۇش سەۋىيىسى خىزمەت سەۋىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر يىلدىن بۇيان، ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش ۋە قوللاشقا ئىگە بولدۇق، نۇرغۇن دوست تاپتۇق. بۇ يىل بىر نەچچە مۇھىم ھۆججەتنى ئوڭۇشلۇق چىقاردۇق، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ پائال ماسلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى.

بىز «قارار»نى تەييارلاش جەريانىدا، ئالاقىدار سىياسەت ـ تەدبىرلەر توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردۇق. مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار كۆپ قېتىم دوكلاتىمىزنى ئاڭلىدى، گوۋۇيۈەندىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەردە بىردەكلىك ھاسىل قىلىندى. ھۆججەتنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئالتە جەھەتتىن پىكىر ئالدۇق. تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئۆزئارا بىرلىشىشتەك تولۇق ماسلاشتۇرۇش بولغاچقا، ھۆججەت چىققاندىن كېيىن ياخشى ئىنكاس قوزغىدى. «بىر قانچە بەلگىلىمە» ۋە ئۈچ پىلاننى تەييارلاش ھەم تۈزۈشتە ئوخشاشلا تولۇق ماسلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ماسلاشتۇرۇش ياخشى بولغاندىلا ئاندىن ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، چۈشىنىش ۋە قوللاشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دېموكراتىك ۋە ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ماسلاشتۇرۇش ياخشى بولمىسا ياكى يېتەرلىك بولمىسا،

مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ.

**5 ) مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ياخشى مۇھىت تەييارلاپ ، تەشۋىقاتنى چىڭ تۇتۇش زۆرۈر**

مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ سىياسىيلىقى كۈچلۈك، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك ، كەسپچانلىقى كۈچلۈك. شۇڭا تەشۋىقاتنى كېڭەيتىش، كۈچەيتىش ، ياخشىلاش زۆرۈر. تەشۋىقاتنى ھەقىقىي چىڭ تۇتقاندىلا ئاندىن ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى تۈپ نەزەرىيىسى، تۈپ فاڭجېنى ، تۈپ سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرغىلى ، ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. تەشۋىقاتنى ھەقىقىي چىڭ تۇتقاندىلا ئاندىن پۈتكۈل جەمئىيەتنى مىللەتلەر خىزمىتىنى چۈشىنىش ، مىللەتلەر خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، مىللەتلەر خىزمىتىنى قوللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ . تەشۋىقاتنى ھەقىقىي چىڭ تۇتقاندىلا ئاندىن تۈرلۈك سىياسىي كۈرەشلەردە، بولۇپمۇ خەلقئارا كۈرەشتە بايرىقى روشەن ھالدا زومىگەرلىككە ، زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ ، غەربلەشتۈرۈش ، پارچىلىۋېتىشكە قارشى تۇرۇپ ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، زوراۋان تېررورچى كۈچلەر ، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە قارشى تۇرۇپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. بۇ يىل بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېڭى شەكىل يارىتىپ ، يولنى كېڭەيتىپ ، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، تەشۋىقات خىزمىتىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

مەركەز مىللەتلەر خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، زور ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردۇق. مەركەزدىكى 24 ئاخبارات ۋاستىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەشۋىق قىلىشقا تەشكىللىدۇق. يىغىن مەزگىلىدە، چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى «پارلاق كېلەچەك يارىتايلى »نى قويدۇق ، پارتىيە ، دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جيا چىڭلىن ، خۇي لياڭيۈ قاتارلىق يولداشلار كۆرەكنى كۆردى ھەم يۇقىرى باھا بەردى. يىغىندىن كېيىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ ، جەمئىي 16 مەيدان دوكلات بەردۇق ، دوكلاتنى ئاڭلاشقا كەلگەن كادىر ۋە ئامما 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى ، كەڭ ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلدى.

ئىككى ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەشكە دائىر تەشۋىقاتنى پائال چىڭ تۇتۇپ، زور ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى » ئاقتاشلىق كىتاب ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىبارەت ئۈچ قېتىملىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى ئاچتۇق. دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدۇق ، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ۋە گېزىتخانىلار كەڭ خەۋەر قىلدى.

«مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش ئوقۇشلۇقى »نى يېزىپ چىقىشنى تەشكىللەپ ، يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رول ئوينىدۇق. بىز سۈرەتكە ئېلىشنى تەشكىللىگەن ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان چاتما تېلېۋىزىيە فىلىمى «قەدىمىي چاي ـــ چارۋا يولى » ، تېلېۋىزىيە ھۆججەتلىك فىلىمى «گۈللىنىش يولىغا سەپەر » ، تېلېۋىزىيە تەشۋىقات فىلىمى «شىنجاڭ ياخشى جاي »نى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە يەرلىكتىكى بەزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى تارقىتىپ ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى.

**6 ) مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە مەۋقەنى يىراق كەلگۈسىگە قويۇپ ، ھالقىنى چىڭ تۇتۇش زۆرۈر**

بىز دائىم ئۈچ خىل ئوبرازنى ياخشى تۇرغۇزۇش كېرەك دەيمىز ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى كادىرلارنىڭ ئوبرازىنى ياخشى تۇرغۇزۇش. مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەشتە ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى ، مىللەتلەر خىزمىتى خادىملىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۈچ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ياخشىلىغاندىلا ئاندىن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي خىزمىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرگىلى ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە مۇجەسسەملىگىلى بولىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ ، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش سالمىقىنى زورايتتۇق، بىر يىلدا جەمئىي 50 قارار كۇرس ئېچىپ 3500 نەپەر كادىرنى تەربىيىلىدۇق.

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە غەربىي قىسىمدىكى رايونلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلارنى مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئىقتىسادى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان رايونلاردا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا تەشكىللىدۇق، بۇ يىل ئۇنىڭ كۆلىمى 450 كىشىگە يەتتى. بىر يىلدىن بۇيان ، جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى ئالاھىدە بولدى ھەم نەتىجىلىرىمۇ مول بولدى. بولۇپمۇ مەركەز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يېڭى بۆسۈش بولدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى بىر پۈتۈن گەۋدە. ئەمەلىيەت پەقەت جايلار ۋە تارماقلارنىڭ خىزمىتىدە ئىجادىيەت بولسىلا ئاندىن پۈتكۈل مىللەتلەر خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش بولىدىغانلىقىنى ، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسىلا ئاندىن پۈتكۈل مىللەتلەر خىزمىتى يېڭى سەۋىيىگە يېتىدىغانلىقىنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىلا ئاندىن پۈتكۈل مىللەتلەر خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلار دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، پائال ماسلىشىپ، ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، مۇشۇ يىللاردا ئەزا ئورۇنلارنىڭ ياردىمى ۋە ماسلىشىشىدىن ئايرىپ قالساق، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەش تەسكە چۈشىدۇ؛ ئەزا ئورۇنلارنىڭ ياردىمى ۋە ماسلىشىشىدىن ئايرىلىپ قالساق، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ؛ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە ئەزا ئورۇنلارنىڭ ياردىمى ۋە ماسلىشىشىدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايمىز. بۇ يەردە مەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتكومىغا ۋاكالىتەن ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلارغا، ئەزالارغا، ئالاقىلاشقۇچىلارغا، خىزمەتلىرىمىزگە ياردەم بەرگەن، كۆڭۈل بۆلگەن يولداشلارغا سەمىمىي سالام يوللايمەن ھەمدە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

يولداشلار:

خىزمەتلىرىمىزدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ۋە تەجرىبىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەگەكلىك بىلەن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى ۋەزىپە ئېغىر ھەم مۇشكۈل، خىزمەتلىرىمىزدە ئاز بولمىغان كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر ساقلاندى. بۇلار ئاساسلىقى: ① ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىق مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل

قىلىش يېتەرلىك بولمىدى. بۇ ئاساسلىقى قورساق تويغۇزۇش قىيىن بولۇش، مەكتەپكە كىرىش قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئامىمىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ رېئال، ئەڭ بىۋاستە مەسىلىلەردۇر.

② مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە بولغان تەتقىقات ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش يېتەرلىك بولمىدى. يۈرۈشلەشكەن قانۇن - نىزام، سىياسەت ۋە تەدبىرلەر مۇكەممەل ئەمەس، بەش ئاپتونوم رايوندا تېخىچە ئاپتونومىيە نىزامى تۈزۈپ چىقىلمىدى. تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تەتقىق قىلىش يېتەرلىك ئەمەس.

③ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلىش يېتەرلىك بولمىدى. ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ھازىر ئىجرا قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، يېڭى سىياسەتلەر ئۇلاشمىدى، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسەت سىستېمىسى تېخىچە مۇكەممەللەشمىدى.

④ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ئاساسىي نەزەرىيە مەسىلىلىرى ۋە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش يېتەرلىك بولمىدى. خىزمىتىمىزدە ئېنىق چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش يېتەرلىك ئەمەس، ئالاھىدە نۇقتا، قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش يېتەرلىك ئەمەس، دۇنيا مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى، ئۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىش يېتەرلىك ئەمەس.

⑤ مىللەتلەر خىزمىتى مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇشكە بولغان تەتقىقات يېتەرلىك بولمىدى. مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ نىشانى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشقا بولغان تەتقىقات يېتەرلىك ئەمەس، مىللەتلەر خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشكە بولغان تەتقىقات يېتەرلىك ئەمەس، مىللەتلەر خىزمىتىدە مۇتەخەسسىسلەر تەدبىر بەلگىلەش، مەسلىھەت بېرىش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇشقا بولغان تەتقىقات يېتەرلىك ئەمەس.

بۇنىڭغا قارىتا بىز چوقۇم ئازاب - ئوقۇبەت ئېڭىنى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

## 2. كېلەر يىللىق خىزمەتلەر توغرىسىدا

كېلەر يىلى دۆلىتىمىز «11 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىگە كىرىدۇ، مىللەتلەر خىزمىتى ئىنتايىن پايدىلىق شارائىتقا ۋە ئاسان قولغا كەلمەيدىغان پۇرسەتكە دۇچ كېلىدۇ، ئۇنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

ئەگەر 2005 - يىلىنى مىللەتلەر خىزمىتىدە چوڭ ئىشلار قىلىنغان، سىياسەت - تەدبىرلەر تۈزۈلگەن داغدۇغىلىق بىر يىل بولدى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇنداقتا 2006 - يىلىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشنى چىڭ تۇتىدىغان، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۇرۇش يىلى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيلەشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنىڭ ئومۇمىي تەسەۋۋۇرىنى مۇنداق بەش جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، بىر يېتەكچى ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇش، يەنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشى ئارقىلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش؛ ئىككىنچى، بىر ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەش، يەنى مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈ-

رەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشـ
تىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەش؛ ئۈـ
چىنچى، بىر ئاساسىي لىنىيىنى چىڭ تۇتۇش، يەنى
مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى
ئىزچىللاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاـ
ساسىي لىنىيىنى چىڭ تۇتۇش؛ تۆتىنچى، تۆت تۈرـ
لۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، يەنى ئاز سانلىق
مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىـ
سادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش
، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىختىساسلىقلار
قوشۇنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، سوتسىـ
يالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش
ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتوـ
نومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەلـ
لەشتۈرۈش، يەنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت
بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت
قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش. تۆۋەندە مەن بىر
نەچچە مەسىلىنى نۇقتىلىق تەكىتلەپ ئۆتىمەن.

**1 ) مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆـ
گىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرشكە كۈچ چىقىـ
رىش كېرەك**

يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىـ
لىشنىڭ ئاچقۇچى ئۇنىڭ روھى ماھىيىتىنى توغرا
ئىگىلەشتە. بىز مۇنداق «سەككىزنى ئىگىلەش»نى
ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، بىر مېتودولوگىيىنى ئىگىلەش كېـ
رەك بىرىنچىدىن، دۇنياۋىي كەڭ نەزەر، تارىخىي
چوڭقۇر نەزەر ۋە ئومۇمىيلىق ئىستراتېگىيە نەزىرىـ
دىن ئىبارەت ئۈچ خىل نەزەرنى قوللىنىپ، ھازىرقى
دەۋردىكى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى كۆـ
زىتىش، تەتقىق قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك
. ئىككىنچىدىن، ئەمەلىيەت بىرىنچى، تەرەققىيات
بىرىنچى، ئامما بىرىنچى دېيىلگەن ئۈچ خىل كۆز
قاراشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئىلـ
مىيلاشتۇرۇش، قانۇنلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇـ
رۇشتىن ئىبارەت مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ئۈچلەشـ
تۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، بىر تۈپ نەزەرىيىنى ئىگىلەش
كېرەك. يەنى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسى
توغرىسىدىكى تۈپ نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتىنى ئىـ
گىلەش كېرەك. «قارار» 12 ماددىدىن تۈزۈلگەن. بۇ
12 ماددىدا ھازىرقى دەۋردىكى جۇڭگو مىللەتلەر
خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى مەزمۇنلار بار
. بۇ پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى توغرا
بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەقىقىي
ياخشى ئىشلىگەنلىكىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى. بىز
دائىم «ئۈچنى ياخشى قىلىش» دەيمىز، ئاچقۇچ يەنىلا
مىللەتلەر نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى ياخشى قىلىشتا.

ئۈچىنچى، بىر ئاساسىي تېمىنى چىڭ تۇتۇش
كېرەك. يەنى «ئىككى ئورتاق» (ئورتاق ئىتتىپاقـ
لىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي
قىلىش) تىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چىڭ تۇتۇش
كېرەك. باش شۇجى خۇ جىنتاۋ «ئىككى ئورتاق»نىڭ
ئىلمىي مەزمۇنىنى ۋە دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى
چوڭقۇر شەرھىيلەپ بەردى. بۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېـ
تىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ
مىللەتلەر خىزمىتى يېتەكچى ئىدىيىسىدىكى ئۈـ
چىنچى قېتىملىق چوڭ بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، بىر ئىشنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك.
يەنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىـ
رىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. باش شۇجى خۇ جىنـ
تاۋ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىـ
رىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنى تۇنجى قېتىم ئېچىپ
بېرىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم
بېرىش ۋە ئىناقلىقنىڭ ئېلىمىز سوتسىيالىستىك
مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئىكەنـ
لىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى؛ مىللەتلەر نەزەـ
رىيىسى، مىللەتلەر سىياسىتى، مىللەتلەرگە دائىر
قانۇن ـ نىزام، مىللەتلەرگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر
توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىشنى ئېنىق ئوتـ
تۇرىغا قويدى.

بەشىنچى، بىر مۇھىم نۇقتىنى ئىگىلەش

كېرەك. يەنى ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تەرەققىيات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى تەرەققىياتقا تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

ئالتىنچى، بىر توپ تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. يەنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. باش شۇجى خۇ جىنتاۋ بايرىقى روشەن ھالدا «ئۈچ بولمايدۇ» نى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى (مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى پارتىيىمىزنىڭ ئېلىمىز مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك تۈپ تەجرىبىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ؛ دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك تۈپ سىياستى ئىكەنلىكىدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ؛ سوتسىيالىستىك ئېلىمىزنىڭ بىر سىياسىي ئەۋزەللىكى دەپ قاراپ، ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ). بۇ پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى كۈچلۈك ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

يەتتىنچى، بىر ھالقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. يەنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش كېرەك. باش شۇجى خۇ جىنتاۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ ئاساسقا مەسئۇل بولۇش، كەلگۈسىگە مەسئۇل بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، بىزدىن پۇختا پىلان تۈزۈپ، ئەستايىدىل تەشكىللەپ ھەم يولغا قويۇپ، ئۇزۇن مۇددەت چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سەككىزىنچى، بىرگە كاپالەتلىك قىلىشنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى. مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

يۇقىرىقى «سەككىزنى ئىگىلەش» مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئاساسىي جەھەتتىن گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشتا بۇ سەككىزنى ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

**2) ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تېز ھەم ياخشى تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ سەرىپ قىلىش كېرەك**

ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشى ئارقىلىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىيلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن تەرەققىي قىلىش، خەلققە تايىنىپ تەرەققىي قىلىش، تەرەققىيات مېۋىلىرىدىن خەلقنى بەھرىمان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «بەشنى بىر تۇتاش پىلانلاش» تەلىپى بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلمىي تەرەققىيات ئىزىغا سېلىش مۇھىم ھالقا. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەش كېرەك.

بىرىنچى، سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى ۋە ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مىللىي سىياسەت ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن: جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار قانداقمۇ ياخشى سىياسەتلەرنى ئېلان قىلماي قالسۇن؟ بىراق ئۇلار ئېغىزدىلا دەپ ئەمەلدە قىلمىغان، بىراق بىزنىڭ سىياسەتلىرىمىز ئېلان قىلىنغان ھامان يولغا قويۇلىدۇ.

ھازىر، يىغىنمۇ ئېچىلدى، ھۆججەتمۇ چىقتى، پىلانمۇ تۈزۈلدى، رېئاللىق شۇنچە تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ئەمدىكى مۇھىم ھالقا سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسەتنى جانلىق، تولۇق، يېتەرلىك ئىشلىتىشتە.

① ئېنىق بولغان سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. ئەمەلىي-

لەشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇشتا، كونكرېتنى تۇتۇش، ئىزچىل تۇتۇش، ئاخىرىغىچە تۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. نىشان كونكرېتنى بولۇش، ۋەزىپە كونكرېتنى بولۇش، تەدبىر كونكرېتنى بولۇش، مەسئۇلىيەت كونكرېتنى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، مىللىي سودا ۋە مىللىيچە بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر ئېتىبار سىياسەتلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشتە، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئىمزا قويۇشتۇق. «10 ـ بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا «11 ـ بەش يىللىق» پىلان سىياسىتىدە چوڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلەش بولدى. ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل ئىلگىرىكى يىلىغا 100 مىليون يۈەندىن 500 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى، بۇنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۇرۇش كېرەك. يەنە مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغى ۋە مىللەتلەر خىزمىتى خىراجىتى تەسىس قىلىندى، بەزى جايلار بۇنى تېخىچە تەسىس قىلمىدى، بۇنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۇرۇش كېرەك.

② پرىنسىپ جەھەتتىن بەلگىلىنىپ بولغان سىياسەتلەرنى تەپسىلىيلەشتۇرۇشتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. سىياسەت تەپسىلىيلەشتۈرۈلسىلا ئاندىن ئۇنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۇرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشقا بېرىلىدىغان تۆلەم مېخانىزمى تۇرغۇزۇلۇپ بولدى. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر سىياسەت، بىراق قانداق تولۇقلاپ بېرىش، كىم بېرىش، كىمگە بېرىش ئىشىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدا سىناق نۇقتىسى قۇرۇپ، بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك.

③ ئومۇمىيلىقتا ئىگە سىياسەتلەرنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىرلەشتۈرۈش تەدبىقلاشنى، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، سەۋىيىنى كۆرسىتىدۇ. «قارار» پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەنگەن، ماكرولۇق ئالاھىدىلىكى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئورتاقلىقتا ئىگە نەرسىلەر بىر قەدەر كۆپ. شۇڭا، جايلار ئىجرا قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا چوقۇم سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېتىلىق يارىتىش ئىقتىدارى، بايلىقلارنى تېجەش تىپىدىكى ۋە مۇھىتقا دوستانە قاراش تىپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇش ۋە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپە ۋە تەلەپلەرگە بىرلەشتۈرۈپ كونكرېتلاشتۇرۇشى كېرەك. شارائىتى بار جايلار قەدەمنى چوڭراق ئېلىپ، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ بەكرەك بىرلەشتۈرسە، نەپ تېخىمۇ كۆپرەك بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۈچ تۈرلۈك پىلاننى يولغا قويۇشنى تەشكىللەشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

بۇ تەرەققىياتنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر. شۇنداقلا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىمىزدىكى مۇھىم تۇتقا. يولغا قويۇشنى تەشكىللەش جەريانىدا، جىپسىلاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈچ تۈرلۈك پىلان بىلەن دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر «11 ـ بەش يىللىق» پىلانىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان قىلىش كېرەك. «ئۈچ تۈرلۈك پىلان»دا كېلەر يىلى چوقۇم ياخشى باشلىنىش بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىق ۋە ئالاھىدە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

① ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشقا كۈچ چىقىرىش كېرەك. باش شۇجى، زۇڭلى ۋە باشقا مەركەز رەھبەرلىرى بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. نۆۋەتتە، بۇ ئامما ئاساسەن غەربىي شىمالدىكى قۇرغاق، ئېگىز ھەم سوغۇق رايونلارغا، غەربىي جەنۇبتىكى شىسەن، شېنسەن رايونلىرىغا، ئوتتۇرا قىسىمدىكى ۋۇلىڭسەن رايونىغا (77 ناھىيە، 8240 كەنت، 16 مىليون ئاھالىگە چېتىلىدۇ). ئۇنىڭ

ئىچىدىكى 20 مىللەتتىن بولغان تەخمىنەن 3 مىليون 900 مىڭ ئاھالە ئىنتايىن نامرات ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ.

② ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئاممىسى پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا كۈچ سەرىپ قىلىش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، غەربىي رايونلاردا «ئىككى ئاساس» ۋە «ئىككىنى كەچۈرۈم قىلىش، بىرنى تولۇقلاپ بېرىش» سىياسىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئەمەلىيلىشىشىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ھازىر «بىرنى تولۇقلاش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە يەنىلا بەزى مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ، ئاساسلىقى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مالىيىسىدە قىيىنچىلىق كۆپ. دۆلەتنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ھەقسىز مائارىپنى يولغا قويۇشنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

③ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىشقا كۈچ سەرىپ قىلىش كېرەك. جامائەت ساغلاملىقى ۋە ئاساسىي داۋالىنىش مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا مايىللاشتۇرۇش كېرەك؛ تېخىمۇ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى يېڭى تىپتىكى يېزا ھەمكارلىق داۋالىنىشىنى كېڭەيتىش سىناق نۇقتىسى دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك؛ چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا زەھەر چەكلەش ۋە ئەيدىز كېسىلى، قۇش زۇكىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك.

④ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشى، رادىئو ئاڭلىشى، كىتاب كۆرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىش كېرەك. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى پروگرامما، گېزىت - ژۇرناللارنى ئىشلەش، ئاڭلىتىش، تارقىتىش سالمىقىنى زورايتىپ، يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك.

⑤ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىش كېرەك. بۇ جەھەتتە چەتئەلنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ئۆرنەك ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان ئۇسۇللىرى بار. مەسىلەن، يەرلىكتىن ئادەم ئورۇنلاشتۇرمىغان كارخانىلارنىڭ ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرىدىغانلىقى قانۇندا بەلگىلەنگەن. كېلەر يىلى، بىز ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرى ۋە چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىمىز.

**3 ) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا كۈچ چىقىرىش كېرەك**

مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، سىياسىي قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، چوقۇم باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئىناقلىق ئاساسىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق ئۆتۈپ، بىر نىيەتتە بولۇپ، ماس تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

بىرىنچى، تۆت تۈرلۈك تۈپ تەربىيىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

تەربىيىنى كۈچەيتىشتە ئىككى تەرەپنىلا تەڭ تۇتۇش كېرەك. كادىرلارنى تەربىيىلەش ئاچقۇچ، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش ئاساس.

① كادىرلارنى تەربىيىلەش. يىغىنچاقلاپ

ئېيتقاندا باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە ئاممىنى تەربىيىلەپلا قالماستىن، كادىرلارنىمۇ تەربىيىلەش؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپلا قالماستىن خەنزۇ كادىرلارنىمۇ تەربىيىلەش؛ ئادەتتىكى كادىرلارنى تەربىيىلەپلا قالماستىن، رەھبىرىي كادىرلارنىمۇ تەربىيىلەش كېرەك. مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا يىغىنچاقلانغان 12 ماددىغا ئاساسەن، كېلەر يىلى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللەتلەر نەزەرىيىسى ۋە مىللەتلەر سىياسىتىنى ئۆگىنىش تېزىسى»نى يېزىشنى تەشكىللەپ، تۆت تۈرلۈك تۈپ تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىمىز.

② ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش. بۇنىڭدا قاتلاملارغا بۆلۈش، قاراتمىلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مىللەتلەرگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر توغرىسىدىكى تەشۋىقىي تەربىيىنى كۈچەيتىش؛ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مىللىي سىياسەتكە دائىر ئاساسىي بىلىملەر توغرىسىدىكى تەشۋىقىي تەربىيىنى كۈچەيتىش؛ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مىللەتلەرگە دائىر ئاساسىي نەزەرىيە توغرىسىدىكى تەشۋىقىي تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن جەمئىيەتتە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى ئورتاق بەرپا قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرىنى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسىنى، مول ۋە رەڭدار مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك. تەشۋىقات شەكىللىرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، ئوخشاش بولمىغان ئاممىنىڭ مىللەتلەرگە دائىر بىلىملەرنى چۈشىنىشكە ماس كېلىدىغان بىر تۈركۈم ئۆل خاراكتېرلىك ئوقۇشلۇقنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر تۈركۈم كىنو ۋە تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ زامانىۋى تۇرمۇش قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، ئامما ياقتۇرىدىغان بىر تۈركۈم ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك. قىسقىسى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى، چوڭ بىرلىشىشى، زور تەرەققىياتى جانلىق كارتىنىسىنى تىرىشىپ نامايەن قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئۈزلۈكسىز يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشنى كۈچلۈك قامائەت پىكرى ياردىمى بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

① ئۇنۇملۇك يولغا قويۇلىدىغان جىددىي تاقابىل تۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بىز تۈزگەن «مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى»نى گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ، ئۇنى «دۆلەتنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى»گە كىرگۈزدى، ھەمدە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھۆججىتى شەكلىدە تارقاتتى. جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مۇناسىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

② مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى باھالاش كۆرسەتكۈچى سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. بۇ «قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ نىشان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

ئۈچىنچى، شەھەرلەر ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈ-

چەيتىش كېرەك.

نۆۋەتتە، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەك ئاھالىسى شەھەرلەرگە ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا تارقالغان. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى ئاساسلىقى ئۆلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلارغا كۆچكەن. مەسىلەن، جۇجياڭ ئۈچ بۇرجەك ئىقتىساد بەلۋىغى ۋە چاڭجياڭ ئۈچ بۇرجەك ئىقتىساد بەلۋىغىغا بارغانسېرى نۇرغان ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى يىغىلدى. مىللەتلەر ئالاقىسىنىڭ كۆپىيىشى بەزى يېڭى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان بەزى تۇيۇقسىز ۋەقەلەر ئاساسەن شەھەرلەردە ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا يۈز بەردى. شۇڭا، شەھەرلەر ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ۋەزىپىسى ئېغىرلاشتى، تەسىرى چوڭايدى، ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ ئېلىمىز مىللەتلەر خىزمىتى ۋەزىيىتىدىكى چوڭ بىر ئۆزگىرىش. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش پۈتكۈل مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. كېلەر يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەملىكەتلىك شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى چېتىلىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىدۇ.

**4 ) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كۈچ سەرىپ قىلىش كېرەك**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «بىر قانچە بەلگىلىمە»سىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ چىقىرىش كېرەك. 2007 ـ يىلى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، نۆلدىن ھالقىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىشىشقا بولىدۇ. «مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇش نىزامى»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى قولغا كەلتۈرىمىز. «شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىمىز.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى ۋە ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇش شەكلىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. مەسىلەن، مالىيىنى يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمى قاتارلىقلار. نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش كېرەك. مەسىلەن، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى، ئاپتونوم شەھەر قۇرۇش مەسىلىسى، ئاپتونوم جايلارنىڭ «قانۇن ـ نىزام ماس كەلمەسلىك» مەسىلىسى ۋاھاكازالار. مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. كېلەر يىلى مەملىكەتلىك مىللىي ئاپتونوم جايلار خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەيمىز ھەمدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىمىز.

**5 ) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە كۈچ چىقىرىش كېرەك**

بۇ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېڭى بىر پەللىگە چىقىشىنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق بىر تەدبىر. كېلەر يىلى «پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمەت پىلانى»نى تۈزۈشكە پائال قاتنىشىپ، «ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام تايانچ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش پىلانى»نى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، كادىرلارنى تەربىيىلەشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىمىز. تۈرلۈك تەربىيىلەش بازىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تەربىيىلەش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ

، تەربىيىلەش قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، تەربىيىلەش سۈپىتىنى ئۆستۈرىمىز.

① ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەيدىغان تۈرلۈك كۇرسلارنى داۋاملىق ياخشى ئاچىمىز. بولۇپمۇ مىللەتلەر خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل رەھبەرلەرنى تەربىيىلەش كۇرسىنى ئېچىش ئۈستىدە ئىزدىنىمىز ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە ئاچىمىز. كېلەر يىلى ئوتتۇرا - يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىش سىنىپى ئاچىمىز.

② ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيمىز.

③ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسىدىكى كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەيمىز. ئۆلكە، ۋىلايەت دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى قارار ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلەيمىز.

**6 ) نازارەت قىلىش ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە كۈچ سەرىپ قىلىش كېرەك**

بۇ «قارار » ۋە «بەلگىلىمە » بىزگە ئاتا قىلغان مۇھىم بۇرچ. كېلەر يىلى چوقۇم ماھىيەتلىك قەدەم باسىمىز. ① ئالاقىدار تارماقلار ۋە جايلارنىڭ «قارار »نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرى ۋە ئۇسۇلىنى تۈزۈپ چىقىشىغا تۈرتكە بولىمىز ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ «قارار »نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە دوكلات قىلىمىز.

② گوۋۇيۈەندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ «بىر قانچە بەلگىلىمە »نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت چارىسىنى تۈزۈپ چىقىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىمىز ھەمدە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىمىز.

③ «ئۈچ پىلان »نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىمىز.

④ پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋاللىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىمىز.

**3 . بىر قانچە تەلەپ**

كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئەھمىيىتى، تەسىرى ئىنتايىن زور. بۇ يەردە مەن يەنە بىر قانچە ئۈمىدىمنى ھەم تەلىپىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**بىرىنچى ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش كېرەك .**

تەجرىبىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى قانۇنىيەتتىن ئىزدەش كېرەكلىكىنى؛ قايتا - قايتا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى سىياسەتتىن ئىزدەش كېرەكلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. سەۋەبنى تېپىپ چىقىشتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك بولۇپ، جاۋابنى كادىرلار ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئىزدەشكە ماھىر بولۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئۇسۇل - چارىگە ئەھمىيەت بېرىش، يىغىندىكىنى ئاڭلاپلا قالماستىن، يىغىن سىرتىدىكىنىمۇ ئاڭلاش، كادىرلارنىڭكىنى ئاڭلاپلا قالماستىن، ئاممىنىڭكىنىمۇ ئاڭلاش، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەن جايلارنى كۆرۈپلا قالماستىن، مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلىرى كۆپ جايلارنىمۇ كۆرۈش كېرەك. ھادىسىدىن ئۆتۈپ ما-

ھېيەتنى كۆرۈشكە، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە، ئايرىملىق ۋە ئالاھىدىلىك ئىچىدىن ئورتاقلىق ۋە قانۇنىيەتكە ئىگە نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، قايسى جاي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ياخشى قىلغان بولسا، شۇ جاي نەزەرىيىگە، سىياسەتكە، نەتىجىگە، تەجرىبىگە ئىگە بولدى، خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى ھەر بىر كادىرنىڭ ئاساسىي ماھارىتىگە ئايلاندۇرۇپ، كادىرلارنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا كىرگۈزۈش كېرەك. بولۇپمۇ رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى باشلامچىلىق بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى بىر تۈرلۈك خىزمەت تۈزۈمى قىلىپ داۋاملاشتۇرۇش، ھەمدە ئۇنى تەدبىر بەلگىلەش جەريانىغا كىرگۈزۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قويۇق كەيپىياتىنى، ئەمەلىيەتچىل بولۇش كەيپىياتىنى، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**ئىككىنچى، يېڭىلىق يارىتىشنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش كېرەك.**

ئەمەلىيلەشتۈرۈش —مەسئۇلىيەت، ئەمەلىي ئىشلەش —ئىقتىدار، بىرلەشتۈرۈش — سەۋىيە. مەسئۇلىيەت، ئىقتىدار ۋە سەۋىيىنى بىرلەشتۈرۈش يېڭىلىق يارىتىش ھېسابلىنىدۇ. بىر نەچچە يىللىق خىزمەتلىرىمىزدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلىرىمىزنى يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىمۇ يەنىلا يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىمىز.

مىللەتلەر خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىشقا تېگىشلىك تەرەپلەر ناھايىتى كۆپ، يېڭىلىق يارىتىشقا بولىدىغان نەرسىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، بىز «قارار»دا يەكۈنلەنگەن 12 ماددىنى چۆرىدەپ، ئىستراتېگىيىلىك، ئالدىن كۆرەرلىك تەتقىقاتلارنى كۈچەيتىپ، نەزەرىيە ۋە سىياسەت جەھەتتە يېڭىلىق ياراتساق بولىدۇ. مەسىلەن، مىللەتلەر خىزمىتىدىكى «ئۈچلەشتۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چۆرىدەپ، مىللەتلەر خىزمىتى رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە يېڭىلىق ياراتساق بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، مۇھىم نۇقتىلارنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش كېرەك.**

ھەر بىر مەزگىل، ھەر بىر باسقۇچتىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە مۇھىم نۇقتا بولۇشى كېرەك. مۇھىم نۇقتا بولمىسا سىياسەت بولمايدۇ، مۇھىم نۇقتا بولمىسا تەرتىپ ۋە سىستېما بولمايدۇ، مۇھىم نۇقتا بولمىسا سالماق بولمايدۇ. شۇڭا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ئومۇمىيلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى تېپىشقا، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇشقا، توغرا تېپىشقا، چىڭ تۇتۇشقا ماھىر بولۇپ، بەلنى باغلاپ، كۈچنى توپلاپ، مۇھىم خىزمەتلەر ئارقىلىق پۈتكۈل خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

مۇھىم نۇقتا ئىچىدە ھەم ئومۇمىيلىقتا ئىگە مۇھىم نۇقتا بولىدۇ، ھەم قىسمەنلىكتە ئىگە مۇھىم نۇقتا بولىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئورتاقلىقتا ۋە بىردەكلىكتە ئىگە مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى رايونلار، تارماقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى بولىدۇ. جايلار، تارماقلار چوقۇم ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بەزى مۇھىم ساھە، ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردا بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىرادە باغلاش ۋە كۈچ چىقىرىش كېرەك. جايلار، تار-

ماقلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۇتۇپ، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرسە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە يېڭى كەيپىيات، يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

**تۆتىنچى، مۇلازىمەتنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش كېرەك.**

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى «مۇلازىمەت» دېگەن بىر سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، قېرىنداش تارماقلار بولۇپمۇ ئەزا ئورۇنلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش. مۇلازىمەت سەۋىيىسى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە.

مۇلازىمەتتە مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇلازىمەت مەسئۇلىيەت دېمەكتۇر. مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىشتا مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىش كېرەك. مەسئۇلىيەتچانلىقتىن جاسارەت، ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - قۇۋۋەت تۇغۇلىدۇ. يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بولغاندىلا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئويلىغاننى ئويلىيالايمىز، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئالدىرىغاننى ئالدىرالايمىز، چىڭ تۇتۇپ ھەقىقىي ئىشلەپ، جان - دىلىمىز بىلەن مۇلازىمەت قىلالايمىز.

مۇلازىمەتتە ئىقتىدارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش بىر خىل ئالىي تىلەك، شۇنداقلا بىر خىل ھەقىقىي قابىلىيەت، بىر خىل ئەمەلىي ماھارەت. ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارى، قاتنىشىش ئىقتىدارى، ئىنتىپاقلىشىش ئىقتىدارى، ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

مۇلازىمەتتە ھېسسىياتقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئادەم ھېسسىياتچان مەخلۇق. ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا كۆڭلىنى بېرىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ياخشى كۆرۈش، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى كۆرۈش كېرەك. مەسىلىلەرنى ئويلىغاندا، ئىش قىلغاندا، تەدبىر بەلگىلىگەندە، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈش؛ ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئويلاش كېرەك. ھېسسىيات بولغاندىلا ھەرىكەت بولىدۇ، نەتىجە چىقىدۇ؛ ھېسسىيات پەيدا بولسا كاللا ئىشلەيدۇ، چىنلىق چىقىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھېسسىيات مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە سىياسىي مەنزىل مەسىلىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. پەقەت ھېسسىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ، چىن ھەم چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغاندىلا ئاندىن ھەرقانداق ئامالنى ئويلاپ چىققىلى، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى، ھەرقانداق مۆجىزىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

يولداشلار، 2006 - يىللىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى، پۇرسەت ناھايىتى ياخشى، نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ، ئۈمىد زور. بىز ھەممەيلەن يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يۇقىرى ئۆرلەپ، «11 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە ئېلىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

**قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى**

# دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى، ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەرەققىياتى

ئەنەيتۇللا خالىق

دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان يۇقىرى ئابرويغا ئىگە يولباشچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلغۇچى. دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيىسى — ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئېلىمىز سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى توغرا تونۇپ، ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىزدا ئۇزاققىچە يېتەكچى رول ئوينايدۇ، ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەت جەريانىدا داۋاملىق بېيىتىلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ.

## بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدە «سول» چىل خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرى چىقىرىپ تاشلاندى. بۇ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. شۇڭا، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىكى تارىخىي بۇرۇلۇشمۇ دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا مىللەتلەر مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ھەمدە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتىگە ئەھمىيەت بېرىش چوڭقۇر تەكىتلەندى. دەل مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى دەۋردە شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم سىياسىي ئالدىنقى شەرت ۋە نەزەرىيىۋى ئاساس ئورناتتى. 1982 - يىلى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېچىلغان پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ ئۇلۇغۋار پروگراممىسىنى بەلگىلىدى. 12 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدا ئىككى يېڭى كۆز قاراش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىرى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە» دەپ كۆرسىتىلدى. دېمەك بۇنىڭدا مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقى يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. يەنە بىرى، ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مەنىسى «ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش» مۇناسىۋىتى دەپ بېكىتىلدى. بۇ كۆز قاراشلار

شۇ يىلدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان يېڭى «ئاساسىي قانۇن»غا ۋە 1984 – يىلى ماقۇللانغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا كىرگۈزۈلدى. 1987 – يىلى 1 – ئايدا، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە يوللىغان «مىللەتلەر خىزمىتىگە دائىر بىر قانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى دوكلات»تا، پارتىيە 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ھەم مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلىتىش مەسىلىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش مەسىلىسى تەكىتلەندى. دوكلاتتا يەنە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى قانداق قىلغاندا ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى. شۇ يىلى 4 – ئايدا مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن بۇ دوكلاتنى تەستىقلاپ، يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە نەزەرىيىدىن ئەمەلىيەتكىچە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەنلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. مەركەزنىڭ تەستىقىدە يەنە: «ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇش، تۈپ دۆلەت سىياسىتىنى جانلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئورتاق بېيىشنى چىڭ قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. پارتىيە 13 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 – ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ 3 – ئەۋلاد مەركىزىي رەھبەرلىك كوللېكتىپى پارتىيە 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق بولغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايە قىلىشىغا ئېگە بولغان مىللىي سىياسەتلەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەكىتلىدى. 1992 – يىلى 1 – ئايدا، يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مىللەتلەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتنى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلىدى ۋە سىستېمىلىق يىغىنچاقلىدى. شۇ يىلى 10 – ئايدا، پارتىيە 14 – قۇرۇلتىيى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچى ئورنىنى بېكىتتى، ھەمدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تولۇق جەھەتتىن سىستېمىلىق يەكۈنلىدى، بۇ مىللەت نەزەرىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

### ئىككىنچى، دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپتىكى باسقۇچىدىكى مىللىي مەسىلىلەرگە سىستېمىلىق جاۋاب بېرىپ، ماركسىزمچە مىللەت نەزەرىيىسىنى يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە مول ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىپ، ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ بەردى. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە؟ سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا ئېلىپ كىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش، ئەڭ ئاخىرىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇھىملىق، مۇرەككەپلىكتىن ئىبارەت ئاساسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. سوتسىيالىزم دەۋرى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش دەۋرى. لېكىن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، زىددىيەتلەر ئۇزاققىچە داۋاملىق ساقلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مىللەتلەر مەسىلىسى يەنىلا ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ، بۇنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش - قىلالماسلىق دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. ئىككىنچى، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى ئورنىتىش لازىم. قانۇن جەھەتتىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، مىللەتلەر باراۋەرلىكى پرىنسىپىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ھەقىقىي ئىشقا ئېشىشىغا كۈچ چىقىرىش لازىم. ئۈچىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا داۋاملىق ياردەم بېرىپ، تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان پەرقىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. تۆتىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ھەم بۇ تۈزۈمنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. دۆلەتنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشى ئاستىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە رايونلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بەشىنچى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم. «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى پۇختا تىكلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكلەرنى تولۇ-

تىشى لازىملىقىنى تەكىتلەش كېرەك. ئالتىنچى، مۇقىملىق جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۈپكى مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مىللەتلەر مەسىلىسىدىكى خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، ئېلىمىزنى غەربلەشتۈرۈش، پارچىلاش سۈيىقەستىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش لازىم. يەتتىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش لازىم. ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. ئىدىيىۋى ئىستىلى دۇرۇس، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدايدىغان، خىزمەت ئىپادىسى ياخشى، شۇنداقلا مەلۇم خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە يولداشلارنى يېتىشتۈرۈپ تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. سەككىزىنچى، مىللىي مەسىلە بىلەن دىنىي مەسىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش لازىم. مىللەتلەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن ـ نىزام دائىرىسىگە كىرگۈزۈش لازىم. توققۇزىنچى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بىلەن دۆلەت مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتەك تاشقى سىياسەتنى يولغا قويۇش لازىم. زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، تىنچ بىللە تۇرۇشى بەش پرىنسىپى ئاساسىدا دېموكراتىك، باراۋەرلىك، مۇۋاپىق، ئادىل بولغان يېڭى تىپتىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتنى ئورنىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۈپكى مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ياخشى خەلقئارالىق مۇھىتنى يارىتىش لازىم. ئونىنچى، مىللىي مەسىلە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى. دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلە پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدىلا ئاندىن تەدرىجىي ھەل بولالايدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەتلەر نەزەرىيىسى ھەققىدىكى مەزمۇنلاردىن مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئاساسىي پرىنسىپلارنى، مىللىي زىددىيەتلەرنى قانداق قىلغاندا ياخشى ھەل قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ۋە ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىدەك مەزمۇنلارنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي ھەم مۇستەھكەم نەزەرىيە سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

### ئۈچىنچى، دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتى

جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتتى. ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە مىللىي مەسىلىنى ئىلمىي ئاساستا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە يېڭى تۆھپە قوشتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى يەنىمۇ بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. يولداش جياڭ زېمىن 1992 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «سوتسىيالىزم دەۋرى مىللەتلەر تەرەققىي قىلىدىغان، گۈللىنىدىغان دەۋر. سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى

ئاساسەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت . لېكىن مىللىي مەسىلە يەنىلا مۇرەككەپ بولىدۇ . مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى ۋەزىپە يەنىلا ئېغىر بولىدۇ. بىرىنچىدىن، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكى ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى پەرق يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كونا جەمئىيەتنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى قالدۇق زەھەرلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تولۇق تۈگىتىپ كەتكىلى بولمايدۇ . ئىككىنچىدىن، مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىردەكلىككە ئىگە . لېكىن بەزى كونكرېت ھوقۇق ـ مەنپەئەتلەر ، ئاساسلىقى ئىقتىسادىي ھوقۇق ـ مەنپەئەت جەھەتتە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يەنىلا بەزى زىددىيەت ۋە ماجىرالار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىل ـ يېزىق جەھەتتىمۇ ئۆزئارا چۈشىنىش ياكى ھۆرمەت قىلىش يېتەرلىك بولماسلىق تۈپەيلىدىن ، ئوڭايلا بەزى ئۇقۇشماسلىق ۋە ماجىرالار كېلىپ چىقىدۇ . تۆتىنچىدىن ، مىللىي مەسىلە بەزى جايلاردا كۆپ ھاللاردا دىنىي مەسىلە بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر دىنىي مەسىلە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا ، بۇمۇ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ھەتتا توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. بەشىنچىدىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، بەزىلەر مىللەتلەرنىڭ زىتىغا تېگىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ ، ھەتتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ ھۇشيار بولۇشىمىزغا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق قوللاپ ، دۆلىتىمىزگە سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشنى تېزلىتىۋاتىدۇ . مىللىي مەسىلىنى سۈيئىستېمال قىلىپ يوچۇق ئېچىش — دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى مۇھىم ۋاسىتىسى . مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا ، بىز مىللىي مەسىلىگە تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، توغرا فاڭجېن ، سىياسەت قوللىنىپ ، ئۇنى ئەستايىدىل مۇۋاپىق ھەل قىلىشىمىز كېرەك » دەپ كۆرسەتتى.

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ئاساسەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، مىللىي مەسىلە باشتىن ـ ئاخىر دۆلىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىدىكى زور مەسىلە بولۇپ كەلدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇمىي ۋەزىيەتكە، دۆلىتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ياكى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. خەلقئارادىكى ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى، ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، ھەرقاچان مىللىي مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك . دۇنيادىكى مىللىي مەسىلىلەرنىڭ ئېلىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلە يەنىلا ئۇزاق مۇددەتلىككە ، مۇرەككەپلىككە ئىگە بولىدۇ ، شۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يولداش جياڭ زېمىن 1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان مۇھىم سۆزىدە : «ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىدا مىللىي مەسىلە باشتىن ـ ئاخىر بىر زور مەسىلە بولۇپ كەلدى . جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپلا مىللىي مەسىلىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولىنى تېپىش ئۈستىدە ئىزدەندى. يېڭى جۇڭگونىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى . نەچچە ئون يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىمىزدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ ، مول تەجرىبىلەر توپلىنىپ ، مىللەتلەر خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى » ، «ئېلىمىز مىللەتلەر خىزمىتىدە مۇشۇنداق غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كېلىشىدىكى ئەڭ تۈپ تەجرىبە شۇكى، پارتىيىمىز باشتىن ـ ئاخىر مارك-

سىزمىنىڭ تۈپ قائىدىسىنى جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش داۋامىدا مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىنى تېپىپ چىقتى» دەپ كۆرسەتتى.

ئىككىنچى، مىللىي مەسىلىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئىلمىي ئاساستا شەرھىلىدى. جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپكى چىقىش يولى تەرەققىيات. تەرەققىيات بولمىسا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدۇ، تەرەققىيات بولمىسا پارتىيىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئىلگىرىكى مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى ئۇقۇملاردا ئاساسەن ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت – توقۇنۇشلار گەۋدىلەنگەن. 1992 – يىلى يولداش جياڭ زېمىن مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە، مىللەتلەر مەسىلىسىنى يىغىنچاقلاپ، ئۇنىڭ ھەم مىللەتنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ھەم مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، مىللەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك، مۇكەممەل، چوڭقۇر بايان قىلدى. بۇ بايانلار مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى ئۇقۇمنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى تولۇقلىدى. 1992 – يىلى يولداش جياڭ زېمىن مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا: «يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇرۇنلا ئىقتىساد يۈكسەلمىسە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، دېگەنىدى. يېڭى تارىخىي مەزگىلدە مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى يادرولۇق مەسىلە پائال تۈردە شەرت – شارائىت يارىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي تەلىپى. شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مىللىي سىياسىتىمىزدىكى تۈپ پرىنسىپ»، «ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ بىر قەدەر تېز تەرەققىياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ يار – يۆلەك بولۇشى ۋە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ياردەم بېرىشى زۆرۈر، ئۇلارمۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا – مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپچانلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشى زۆرۈر» دەپ كۆرسەتتى.

ئۈچىنچى، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىش. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى. بۇ ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە زور سىياسىي مەسىلە. غەربىي رايونلارنى كەڭ ئېچىشنى يولغا قويۇش ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى زور تەدبىر. مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە پەن – مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن يولغا قويۇش لازىم. يولداش جياڭ زېمىن 1992 – يىلدىكى مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا: «ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىزنىڭ پۈتكۈل زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش نىشانىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئېشىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. مىللىي رايونلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى پۈتۈن مەملى-

كەتنىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى بىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ»، «غەربىي قىسمىدىكى مىللىي رايونلارنىڭ مول بايلىقلىرى ۋە بەزى سانائەتتە ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، بۇ رايونلار تەرەققىيات جەھەتتە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنى، جۈملىدىن مىللىي رايونلارنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشنى تېزلىتىش ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇش دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ كۆرسەتتى.

تۆتىنچى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى چوڭقۇر تارىخىي مەنبەگە ئىگە. خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر ھەممىنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش. سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش جەريانىدا مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. 1990 - يىلى 9 - ئايدا، يولداش جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: «ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىمىز 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت. شىنجاڭنىڭ تارىخى خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەتئەللىكنىڭ تاجاۋۇزىغا ئورتاق قارشى تۇرۇپ، جاپاغا چىداپ بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، ئورتاق ياراتقان تارىخ» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ۋە رېئال ئەھۋالىنى ئوبرازلىق يىغىنچاقلاپ بەردى، ئۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسەتكەندەك: «تارىخ ئىتتىپاقلاشقاندىلا روناق تېپىپ گۈللىنىدىغانلىقىمىزنى، بۆلگۈنچىلىك قىلغاندا مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتىدىغانلىقىمىزنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدى».

بەشىنچى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداشتا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش لازىم. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىي ۋەزىپە. مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگوغا «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» سىياسىي سۇيىقەستىنى ئېلىپ بېرىش غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئىزچىل ۋاستىسى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مۇقەددەس بۇرچى. يولداش جياڭ زېمىن 1990 - يىلى 2 - ئايدا قىلغان سۆزىدە: «ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر قانچە يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇلار ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، مۇشۇنداق تەرەققىيات، ئىلگىرىلەشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇنىمۇ كۆرسىتىمىز كېرەككى، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ھەر دائىم مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش يولىدا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، بىز بۇنىڭغا نىسبەتەن ئىنتايىن ھوشيار



توزدەك ياسانغان ئارتىسلار مىللەتلەر يۇيۇك ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىمۋولى بولغان «ئورتاق بىر ناخشا» نى قايناق ھېسسىيات بىلەن ئورۇنلاپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىنىڭ يۇقۇقىنى ئاچتى. (لۇجيەن فوتوسى)

# مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش مېلودىيىسىنى ياڭرىتايلى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئورگىنىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ۋە يېڭى يىللىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي (سولدىن 2 ـ كىشى) قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە مېھمانلار بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىغا قاتناشتى. كومىتېت (ئىدارە) مىز پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇجېنچياڭ (سولدىن 1 ـ كىشى) مېھمانلارغا ھەمرا بولدى. (لۇجيەن فوتوسى)

2006 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئورگىنى 4 ـ نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ۋە يېڭى يىللىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىزدىكى 70 كە يېقىن خادىم ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئېيتىش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش قاتارلىق 18 نومۇرنى ئورۇنلاپ، كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىزدىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ «تۆت خىل تىپ» تىكى ئورگان بەرپا قىلىش روھى قىياپىتىنى نامايەن قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي كۆرەكنى كۆردى ھەمدە ئويۇن ئاخىرلاشقاندا مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، قۇمۇل ۋىلايەتلىك، قۇمۇل شەھەرلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق 13 ئورۇننىڭ رەھبەرلىرى ۋە تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار شۇنداقلا كومىتېتىمىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بولۇپ 200 گە يېقىن كىشى ئويۇننى كۆردى. (ليۇتواڭ فوتوسى)



ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (مۇئاۋىن باشلىقى) خې جۇڭدې بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىنى تەبرىكلىدى.
(لۇجيەن فوتوسى)



(لۇجيەن فوتوسى)



(لۇجيەن فوتوسى)



زاڭزۇ ئۇسسۇلى «يېڭى شەھەرنى تاماشا قىلىش» (لۇجيەن فوتوسى)



خور «بۈگۈن سىنىك تۇغۇلغان كۈنۈڭ» (گې فېڭجياۋ فوتوسى)



ئېتوت «ئاق چاچلىق قىز» (ۋاڭ ۋېيشېك، لۇجيەن فوتوسى)



يالغۇز كىشلىك ئۇيغۇر ئۇسسۇلى «گۈلباغ» (لۇجيەن فوتوسى)



قوش كىشلىك جۇيرۇ ئۇسسۇلى «ياساتچۇق قىرجاق» (لۇجيەن فوتوسى)



ناخشا «توقۇمىچى قىز» (لۇجيەن فوتوسى)



ناخشا «دېڭىز» (گې فېڭجياۋ
فوتوسى)



ئۇسسۇل «ھىندىستانلىق قىز» (گې
فېڭجياۋ فوتوسى)



ئۆزبېك ئۇسسۇلى «يارىگۇللا» (لۇجيەن
فوتوسى)



ناخشا «مۇز تاغدىكى قارلەيلىسى» (لۇجيەن فوتوسى)

ناخشا (ئالتۇن رەڭ تۇسكە كىرگەن
چېگرا رايون) (لۇجيەن فوتوسى)



شېئىر دېكلىماتسىيىسى «ياپونغا
قارشى ئۇرۇش غەلبىسىنىڭ 60 يىللىقى
خاتىرىسى» (گې فېڭجياۋ فوتوسى)





ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي (ئوڭدىن 1 ـ كىشى)، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جېنچياڭ (ئوڭدىن 2 ـ كىشى) مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى. (لۇجيەن فوتوسى)



كۈڭۈل ئېچىش يىغىنىغا قاتناشقان رەھبەرلەر مۇكاپاتلانغان خادىملار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. (لۇجيەن فوتوسى)



◂ مۇزىكىلىق شېئىر دېكلاماتسىيىسى «ۋەتەنگە مەدھىيە» (لۇجيەن فوتوسى)



تاماشىبىنلار ئېسىل نومۇرلاردىن ھوزۇرلانماقتا. (ۋاڭ ۋېيشېڭ فوتوسى)



كوللېكتىپ ئۇسسۇل «بۈگۈن كېچە تۈنەيمىز» (لۇجيەن فوتوسى)



بەدەن گۈزەللە... كىسى «سەھەر تۇرۇپ چېنىقىش» (لۇجيەن فوتوسى)



ناخشا «قۇنقۇزۇش» (لۇجيەن فوتوسى)

بولۇشىمىز كېرەك. بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش سىياسىي كۈرەش، دۈشمەن كۈچلەر ھامان مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى» دەپ كۆرسەتتى. 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يولداش جياڭ زېمىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ شىنجاڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان سىڭىپ كىرىش، پارچىلاش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى ئەزەلدىن توختاپ قالغان ئەمەس، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، خەلقئارا مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىچكى ـ تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىن بۆلۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشتەك سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى تېزلەتتى. بۇ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق خەۋپكە ئايلىنىپ قالدى»، «ۋەزىيەتنى دائىم تەھلىل قىلىپ تۇرۇش، ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئىگىلەش، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش شەپىسى بايقالغان ھامان قەتئىي، كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش لازىم» دەپ كۆرسەتتى.

ئالتىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ تۈزۈم، ئۇ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. بۇنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھوقۇقىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىشنى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ھەمدە ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلەش لازىم. مىللەتلەرگە دائىر قانۇن ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. يولداش جياڭ زېمىن 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: «‹مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى›، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قانۇن شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇرغان بىر تۈرلۈك تۈپ قانۇن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ھەم زۆرۈر بولغان مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ئۇنىڭدا مىللىي ئامىل بىلەن رايون ئامىلى، سىياسىي ئامىل بىلەن ئىقتىسادىي ئامىل مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ‹مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى›نى داۋاملىق ھالدا ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. پەقەت بىز مىللىي مەسىلىلەرنى يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچە تونۇش ۋە ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەيدىغانلا بولساق، مىللەتلەر بارغانسېرى ئىناقلىشىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بارغانسېرى مۇستەھكەملىنىدۇ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر چوڭ ئائىلىمىز ھەرقانداق بوران ـ چاپقۇننىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

يەتتىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر

مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاياغ كۈچ. ھەم ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ ھەر مىللەت كادىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش لازىم. يولداش جياڭ زېمىن 1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا: «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كەڭ ۋە زىچ ئالاقىسى بار، ئۇلار پارتىيەمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى تايانچ كۈچ. مىللىي كادىرلارنىڭ ئەھۋالى يەنە كېلىپ شۇ بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە»، «بۇ ئومۇميۈزلۈك مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر خىزمەت، ئومۇمىي پىلان تۈزۈپ چىقىپ، قەدەم باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇپ، تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى باشتىن ـ ئاخىر ماركسىزمغا سادىق كىشىلەرنىڭ قولىغا چىڭ تۇتقۇزۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم» دەپ كۆرسەتتى.

سەككىزىنچى، پارتىيىنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي كۆز قارىشى ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا يىغىنچاقلىمىدى. بۇلار: ( 1 ) مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشى ئۇزاق مۇددەتلىك بىر تارىخىي جەريان، مىللىي مەسىلە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، سوتسىيالىزم باسقۇچى مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىدىغان، روناق تاپىدىغان دەۋر. بۇ دەۋردە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارىدۇ. لېكىن، مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي پەرق داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ( 2 ) مىللىي مەسىلە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى، مىللىي مەسىلە پەقەت پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىدا ئاندىن تەدرىجىي ھەل بولىدۇ، ھازىرقى باسقۇچتىكى دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىمۇ پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق ئىش داۋامىدىلا ئاندىن تەدرىجىي ھەل بولىدۇ. ( 3 ) ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى، شان ـ شەرىپىنى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار. ( 4 ) ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ( 5 ) ھەر مىللەت خەلقى بىر ـ بىرىگە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ ئىناق ئۆتۈشى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشى لازىم. ( 6 ) ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. ( 7 ) ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، باشقا تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى. ( 8 ) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە قوشقان زور تۆھپىسى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي تۈزۈم. ( 9 ) ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋىي ئەخلاق ساپاسىنى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش لازىم. ( 10 ) مىللىي مەسىلە ۋە دىنىي مەسىلە بەزى جايلاردا كۆپ ھاللاردا بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشقا ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت

بېرىش كېرەك. ( 11 ) مىللەتلەر نوپۇسى ئاز ياكى
كۆپ بولۇشىدىن، تارىخى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇ-
شىدىن، تەرەققىي قىلىش سەۋىيىسى يۇقىرى ياكى
تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ۋەتىنىمىزنىڭ شان-
لىق مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتقان، ئۇلار بىردەك با-
راۋەر بولۇشى كېرەك. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
قوغداش لازىم. (12 ) ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش
سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ
تۈپ ۋەزىپىسى. مىللەتلەر بىر ـ بىرىگە ياردەم بې-
رىشى، ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە گۈللىنىشى
لازىم. يۇقىرىقى مەزمۇنلار يولداش جياڭ زېمىننىڭ
«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ
يېڭى تارىخىي شارائىتتا دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزە-
رىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قوشقان مۇھىم
تۆھپىسى.

خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركە-
زىي كومىتېتى پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن
دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قى-
لىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، مارك-
سىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى يېڭى ئەسىر، يېڭى
باسقۇچتىكى ئېلىمىز مىللىي مەسىلىسىنىڭ كونك-
رېت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمىي
تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەرنىڭ بارا-
ۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە گۈللىنىشىنى ئۈزلۈكسىز
ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا
جۇڭگوچە توغرا يول تاپتى، مەملىكىتىمىزنىڭ مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىدا ئالەم-
شۇمۇل زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنداق
دېيىشكە بولىدۇكى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى «-
ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ
مىللەت نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بايانلىرىنى يەنىمۇ
زور تەرەققىياتلارغا ئىگە قىلدى.

يولداش خۇ جىنتاۋ 2005 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەر-
كەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا: «يېڭى ۋە-
زىيەتتە مىللىي مەسىلىنى توغرا تونۇپ ۋە ئىگىلەپ،
مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ئاز
سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي
، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەت-
لەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىل-
گىرى سۈرۈش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا
قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدە-
مىنى تېزلىتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. مەملىكە-
تىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتى-
پاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش پارتىيە
ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن بولۇشىغا كاپالەتلىك
قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. شۇنداقلا جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش،
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا
ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى» دەپ كۆرسەتتى.
يېڭى مەزگىلدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا
تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلار-
نىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېز-
لىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تە-
رەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بى-
رىنچىدىن، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇم-
يۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىقتىسادىي ۋە
ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش ۋە مىللەتلەر-
نىڭ ئورتاق گۈللىنىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈشتىكى يادرولۇق مەسىلە قىلىش لازىم. تەرەق-
قىيات —پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ
دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى،
جۇڭگودىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ
ئاچقۇچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايون-
لاردىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش-
نىڭمۇ ئاچقۇچى. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە
مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تە-
رەققىيات ئومۇمىيىتىگە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى

بويىچە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشىمىز لازىم .
ئىككىنچىدىن ، پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭنى
گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن
يولغا قويۇپ ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇمىي سا-
پاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مىللەت-
لەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ ئالغا بېسىشىنى ئىشقا
ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا قىلىش لازىم . ئېلى-
مىزنىڭ شەرقىي قىسىم رايونلىرى بىلەن غەربىي
قىسىم رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ تۈپ پەرىق
يەنىلا ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئومۇم خەلق ساپاسى
جەھەتتىكى پەرىقتىن ئىبارەت . شۇڭا ئاھالىنىڭ
ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە چوقۇم تىل جەھەتتىكى تو-
سالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم . بىر نەچچە
يىلدىن بۇيان ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوتتۇرا ـ باشلان-
غۇچ مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى دەرسلىكىنى ئومۇ-
يۈزلۈك يولغا قويۇش ، مىللىي ۋە خەنزۇ مەكتەپلەرنى
بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش ، ئىچكىرىدىكى نۇق-
تىلىق شەھەرلەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ-
لىرىنى ئېچىش ، شىنجاڭدىكى شارائىتى نىسبەتەن
ياخشى شەھەرلەردە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق را-
يونلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئاپتونوم رايون ئىچى
تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى ئېچىش ، ئالىي ما-
ئارىپ كەسىپلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئوقۇ ـ
ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى تەڭشەپ ، ئىچكىرىدىكى ئالىي
مەكتەپلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى
قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى ۋە نىسبىتىنى داۋاملىق
زورايتىپ ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە
ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرلۈك كەسپىي
تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ،
كەڭ كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى نەزەردە
تۇتۇپ ، شىنجاڭ دائىرىسىدە كۆپ قاتلاملىق ، كەڭ
كۆلەملىك كادىر تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ ،
ئىچكىرىدىكى پارتىيە مەكتەپلىرى ۋە نۇقتىلىق ئا-
لىي مەكتەپلەرگە ئۆگىنىشكە ، ۋەزىپە بىلەن چېنى-
قىشقا ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا ئەۋەتىش ، بىر قىسىم

يېزا ـ بازارلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى
قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا ، 40
ياشتىن تۆۋەن 8000 كادىرنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ، شە-
مالىي شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق شەھەرلەرگە ئىككى
يىللىق ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا بولۇپمۇ سىياسەت ،
كەسىپ ۋە تىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەش قاتارلىق
ئۇسۇل ۋە شەكىللەرنى قوللىنىپ ، ئۇلارنىڭ ساپا-
سىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى .
ئەمەلىيەت دۇنياغا ، كەلگۈسىگە ، زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىغا يۈزلىنىپ ، پۇقرالارنىڭ ساپاسىنى تى-
رىشىپ ئۆستۈرگەندىلا ، ئاندىن مىللەتلەرنىڭ ئورتاق
گۈللىنىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بو-
لىدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى . ئۈچىنچىدىن ،
ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ ، مەدە-
نىيلىكنى تىرىشىپ تەشەببۇس قىلىشنى مىللەت-
لەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى قىلىش لازىم .
يولداش خۇ جىنتاۋ مەركەزنىڭ 2005 ـ يىلى 5 ـ ئايدا
چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا : «خەلق
ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانى ،
شۇنداقلا غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگ-
يىسىگە ئاساسەن ، دۆلىتىمىز ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىدا بايلىق ئېچىش ۋە ئىنچىكە پىششىقلاش
تۈرلىرىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ ، يەرلىكنىڭ ئىق-
تىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ ۋە
ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ، يەرلىك ئورۇنلار بىلەن ئام-
مىنىڭ مەنپەئەتىنى تولۇق نەزەرگە ئالىدۇ . ئاز سان-
لىق مىللەتلەر ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەش يىللىق پىلانى
، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا
يار ـ يۆلەك بولۇش پىلانى ۋە چېگرا رايونلارنى گۈل-
لەندۈرۈش ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى 11 ـ بەش
يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ۋە ئۇنى يولغا قويىدۇ
. . . . . . » دەپ كۆرسەتتى . پارتىيە مەركىزىي كو-
مىتېتى ، گوۋۇيۈەن نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەت-
لەرنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى . بۇ

دۆلىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتى تارىخىدىكى تۇنجى ئىش. شۇنداقلا ئېلىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز 22 مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. ئاپتونوم رايونىمىزدا نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتتىن تۆت مىللەت بار بولۇپ، ئۇلار تاجىك، ئۆزبېك، روس، تاتار قاتارلىقلار. بۇ مىللەتلەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەزەلدىن بىرگە ياشاپ كەلگەن 13 مىللەت ئىچىدىكى مىللەتلەردۇر. بۇ مىللەتلەر تارىخىي ۋە تەبىئىي شارائىت قاتارلىق ئامىللار سەۋەبلىك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىن باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر ئارقىدا قالغان. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئادەم كۈچى تەشكىللەپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ نۇرغۇن ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى. 2002 - يىلدىن باشلاپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان بىر نەچچە يىلدىلا، بۇ خىزمەتلەر ياخشى ئىشلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، مەدەنىيلىكنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. مەسىلەن، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۆزبېك، روس، تاتارلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىلى، سانجى، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلدى، ئىجتىمائىي قىياپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاجىكلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تاشقورغان، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، ئاقتۇ، گۇما قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت مۇقىم بولدى، خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى مۇقىم ئۆستى. تۆتىنچىدىن، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشنى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى قىلىش لازىم. بۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم خىزمىتى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قايتا گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

شۇڭا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى تېز بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىدى ۋە راۋاجلاندى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، ماۋ زېدۇڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىدىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ھەمدە ئۇنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىدىكى نەزەرىيە ۋە سىياسەتلىرىنىڭ سىستېمىلاشقانلىقىدىن، نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ پىششىپ يېتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى)

**تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت**

# ئىسلام دىنىنىڭ قىرغىزلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا

**تالڭ جياڭخاۋ**

قىرغىز مىللىتى ئېلىمىزدىكى قەدىمىي
مىللەتلەرنىڭ بىرى. تارىختا «گەكۇن» ، «جە-
يەنكۇن» ، «خې گۇ» ، «شيا گاسى» ، «جى
لىجىسى» ، «بۇيرۇت» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.
مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، قىرغىزلار
يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىن بارا ـ بارا تەڭرىتېغى-
نىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن. تارىختا
قىرغىزلار تەبىئەت ئىلاھى ۋە سامان دىنىغا ئېتى-
قاد قىلغان. 18 ~ 17 ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام
دىنى قىرغىزلار ئاساسلىق ئېتىقاد قىلىدىغان
دىنغا ئايلاندى.

قىرغىزلار ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھە-
پىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. قىرغىزلارنىڭ كۆپىنچە-
سى مۇقىم ئولتۇراقلاشماي، كۆچمەن چارۋىچىلىق
تۇرمۇشى كەچۈرىدىغان بولغاچقا، بوستانلىقلاردا
دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار-
نىڭكىدەك كۆپ مەسچىتلىرى يوق. دىنىي رەس-
مىيەتلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك قاتتىق ئەمەس.
دىنىي ۋەزىپە بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ قىر-
غىزلار جەمئىيىتىدىكى ئورنىمۇ ئۇيغۇرلار جەم-
ئىيىتىدىكىدەك يۇقىرى ئەمەس. موللاملار پەقەت
كىشىلەرگە ناماز ئوقۇش توغرىسىدا تەشۋىقات ئې-
لىپ بارىدۇ. كىشىلەرنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقى
ئۆزىگە باغلىق، موللام ئۇلارنى مەجبۇرلىيالمايدۇ
ياكى جازالىيالمايدۇ. چارۋىچىلىق رايونلاردىكى
كىشىلەر ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ئەيمىنىدىغان ئادەم
ئاق ساقال، ھەرگىزمۇ دىنىي ساھەدىكى موللام
ئەمەس. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئىسلام دىنى يەنىلا
قىرغىزلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ھەرقايسى
تەرەپلەردىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

«روزى ھېيت» ، «قۇربان ھېيت» ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئىككى
چوڭ بايرىمى. قىرغىزلار بۇ ئىككى ھېيتنى
ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىك بويىچە ئۆتكۈزىدۇ.
ھېيتتىن ئىلگىرى بارلىق ئائىلىدىكى ئەر ـ ئايال
، قېرى ـ ياش ھەممىسى ھەرىكەتكە كېلىپ تازى-
لىق قىلىدۇ، ئەرلەر كالا ـ قويلارنى سويىدۇ، ئا-
ياللار بولسا ھېيتلىق يېمەكلىك تەييارلايدۇ.
ھېيت كۈنى سەھەردە يەتتە ياشتىن يۇقىرى ئەر-
لەرنىڭ ھەممىسى مەسچىتكە بېرىپ ھېيت نامى-
زىنى ئوقۇيدۇ، نامازدىن كېيىن ئۆزئارا پەتىلە-
شىدۇ، پەتىلەش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، بارلىق
ياشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ كەڭ، تۈزلەڭ يايلاقتا
ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، چېلىشىش
قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ
. چىرايلىق ياسانغان قىزلار ياش كېلىنچەكلەر
بىلەن بىرلىكتە ناخشا ئېيتىشىش، ئۇسسۇل
ئويناش، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر
بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېچىسى بولسا ئاۋۋال بەز-
مىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھېيت كېچىسى بايرام شاد-
لىقىغا چۆمىدۇ.

ئىسلام دىنى ۋە ئەنئەنىۋي ئىدىيىنىڭ تە-
سىرى تۈپەيلىدىن، قىرغىزلارنىڭ قائىدە ـ يو-
سۇنلىرى ۋە پەرھىزلىرى كۆپەيگەن. مەسىلەن،
ئۇلار تاماق يېيىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قولىنى
يۇيىدۇ، قولىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن قولىنى
سىلكىمەي لۆڭگىگە سۈرتىدۇ؛ ساھىبخان مېھ-
مانىنى تاماققا تەكلىپ قىلسا، مېھمان ھەممىنى
يەۋەتسە بولمايدۇ، ئازراق ئاشۇرۇپ ساھىبخانىنىڭ
بالىسىغا بېرىپ، ساھىبخانىنىڭ كاتتا كۈتىۋال-
غىنىغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈشى كېرەك؛ مېھمان-
نى گۆش يېيىشكە تەكلىپ قىلغاندا، مېھمان

ئالدىغا ئالدى بىلەن قوينىڭ بېشى، قۇيرۇق مې-
يىنى تىزىپ، مېھمانغا بولغان ھۆرمىتىنى بىل-
دۈرىدۇ؛ مېھمان تاماق يەۋاتقاندا باشقىلار ئۇ ئۆيگە
كىرسە ياكى مارىسا بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ كىشى
مېھمان بىلەن بىر ئۆيدە بولغان بولسا مېھمان
بىلەن تەڭ غىزالىنىشى شەرت، ئاشخانىغا خالى-
غانچە كىرىشكە ياكى ئىشىك پەردىسىنى خالىغانچە
ئېچىشقا بولمايدۇ؛ مېھمان ئۆيدىن ئۇزاپ چىققاندا
ئىشىكتىن ئارقىچىلاپ چىقىشى كېرەك؛ مېھ-
ماننى ئۇزاتقاندا ساھىبخان ياكى باشقىلار مېھمانغا
ئىشىكنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ ھەمدە ئاتنى
تەييارلاپ بېرىدۇ؛ كېلىشمەسلىك يۈز بېرىدۇ دەپ
قاراپ ھەپتىنىڭ تاق كۈنلىرى ۋە جۈمە كۈنلىرى
سەپەر قىلمايدۇ؛ جۈمە كۈنلىرى ئۆي كۆچمەيدۇ،
چوقۇم كۆچمەكچى بولسا سۇنىڭ ئاياق تەرىپىگە
ئەمەس بەلكى بېشى تەرەپكە كۆچىدۇ، سۇنىڭ ئاياق
تەرىپى تەلەيني ئېقىتىپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ.
يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە ئىسلامدا مەنئى قى-
لىنغان بارلىق نەرسىلەرنى يەنى چوشقا گۆشى،
ھايۋانات قېنى، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ
گۆشى، ئىت، ئىشەك، خېچىر قاتارلىقلارنىڭ
گۆشلىرىنى يېمەيدۇ.

قىرغىزلارنىڭ ئوغۇل بالىلىرى 6 ـ 7 ياشقا
توشقاندا، ئىسلام ئەنئەنىسى بويىچە خەتنىسى
قىلىنىدۇ، خەتنە توي نىكاھ تويىدىن قالسىلا نا-
ھايىتى كاتتا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاۋام خەلق «خەتنە»
قىلىشنى نىكاھتىن ئىلگىرىكى ھازىرلىق، ئو-
غۇل بالىنىڭ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى دەپ
قارايدۇ.

قىرغىزلار نىكاھ تويىنى كېلىنچەكنىڭ
ئائىلىسىدە ئىسلام ئەنئەنىسى بويىچە ئۆتكۈزىدۇ.
ئەمما ئۇيغۇرلاردەك مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتمەيدۇ.
نىكاھنى ئاخۇنۇم (ئىمام) ئوقۇيدۇ ھەمدە نىكاھ-
لانغۇچىلارنىڭ رازىلىقىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى
سورايدۇ، ئېنىق جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىن
قىرائەت قىلىپ، قىز بىلەن يىگىتكە تۇزغا چى-
لانغان پىشلاقنى يېگۈزۈپ، ئۇ بىر جۈپنىڭ ئۆم-
رىنىڭ ئاخىرىغىچە جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ھالاۋەتتە
بىرگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قىرغىزلارنىڭ مېيىت ئۇزۇتىشى ئىسلام دى-
نىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە
ئوخشايدۇ. ۋاپات بولغاندىن كېيىن مېيىت يۇيى-
لىدۇ، ئەرلەرنى ئەرلەر، ئاياللارنى ئاياللار يۇيىدۇ،
قېرىلارنى قېرىلار يۇيىدۇ، 16 ياشقا توشمىغانلارنى
ياشقا چوڭ تۇغقانلىرى يۇيىدۇ، ئاخىرەتلىك خەسە
، داكىلار بىلەن باش ۋە بەدىنىنى ئورايدۇ (ئاياللار-
نىڭ قولى ۋە كۆكسىنىمۇ ئورايدۇ)، ئۆيدە
مېيىتنىڭ بېشى قىبلە تەرەپكە توغرىلىنىپ قو-
يۇلىدۇ. ئائىلىسىدىكى ئاياللار يۈزىنى قىبلە تە-
رەپكە قىلىپ ھازا ئاچىدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات
چېغىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىنى ئەسلەپ، قىلغان
ياخشىلىقلىرىنى ماختاپ، چوڭقۇر قايغۇسىنى
بىلدۈرىدۇ. قازا قىلغۇچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان،
دوست ـ بۇرادەرلىرى پۇل ۋە مال ـ مۈلۈك سوۋغا
قىلىدۇ. ئىمام تەزىيە سۆزى قىلىپ بولغاندىن
كېيىن، ئەرلەر تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ مېيىتنى زارات-
گاھلىققا ئېلىپ بارىدۇ. زاراتگاھلىققا ئاياللار
بارمايدۇ. يەرلىككە قويغاندا مېيىتنىڭ بېشىنى
شىمال تەرەپكە، يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ قويىدۇ
. قازا قىلغۇچىغا ئاتاپ ئۈچ نەزىر، يەتتە نەزىر، 40
نەزىر، يىل نەزىر بېرىلىدۇ. مېيىتنى ئۇزۇتۇپ
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەرھۇم (مەرھۇمە) نى
ئەسلەش يۈزىسىدىن «كىچىك نەزىر» بېرىلىدۇ،
40 كۈن توشقاندا «چوڭ نەزىر» بېرىلىدۇ، نە-
زىرگە ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ ئاغىنىلەرنىڭ
ھەممىسى كېلىدۇ، پۇلدار ئائىلىلەر موللامنى
چاقىرىپ خەتمە قۇرئان قىلدۇرىدۇ. يىل توشقاندا
بەزى ئائىلىلەر يەنە بىر قېتىم «قازان» ئاسىدۇ.
مېيىت چىققان ئائىلىدىكىلەر بىر يىلغىچە توي ـ
تۆكۈن ئۆتكۈزمەيدۇ ھەمدە مەدەنىي كۆڭۈل ئې-
چىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشمايدۇ.

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى

# يەر شارىلىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ھەققىدە

جاڭ ۋېنشۆ

**1 . شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش لازىم**

پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيى «كونا ئىنقىلابىي بازا رايونلىرى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چېگرا رايونلار، نامرات رايونلار ۋە ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش»نى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمۇ دەل ۋاقتىدا مەدەنىيەت ئارقىلىق چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. بۇ پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نۆۋەتتىكى دۇنياغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مەدەنىيەت بىلەن ئىقتىساد ۋە سىياسىينىڭ ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئونۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىدىكى ئورنى ۋە رولىمۇ بارغانسېرى گەۋدىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى چوڭقۇرلاشماقتا ۋە كېڭەيمەكتە. بۇ خىل تەرەققىيات يۈزلىنىشى، دۆلىتىمىزنىڭ چەتئەلنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىغا غەنىيمەت پۇرسەت ئېلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقىمۇ مىسلىسىز خىرىس ئېلىپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى تولىمۇ روشەن بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق يەرشارىلىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

( 1 ) شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش — مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ھالقىسى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋىي مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مىللەتلەر خىزمىتى بىر ـ بىرى بىلەن تومۇرداش؛ ئىلغار مەدەنىيەت راۋاج تاپسا، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ، روھى ئۇرغۇيدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا ئىشەنچىسى تولۇپ تاشىدۇ. مىللەتلەر خىزمىتى ۋە باشقا خىزمەتلەرمۇ ئوبدان ئىشلىنىدۇ؛ ئەكسىچە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كەينىدە قالسا، كىشىلەرنىڭ رايى يېنىپ، روھى چۈشكۈنلىشىپ، ئىلگىرىلەش نىشانىدىن ئادىشىپ قالىدۇ، نەتىجىدە

مىللەتلەر خىزمىتى ۋە باشقا خىزمەتلەرنىمۇ ياخشى ئىشلەش قىيىنغا چۈشىدۇ. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلەتكەندىلا، ئاندىن شىنجاڭ رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەتكىلى، نامرات، قالاق ھالەتتىن قۇتۇلدۇرغىلى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى، تەرەققىي قىلىشىنى، سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىگىلى، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

( 2 ) شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى مۇقەررەر يول. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنى ئىچكى جايلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنىلا نىسبىي ئارقىدا. ئەمما، بۇ جاينىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ھەم يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، بېلىقچىلىق قاتارلىق ئەۋزەل كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تەبىئىي شەرت ـ شارائىتقا ئىگە، ھەم يەر ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك كان بايلىقلىرىغا ئىگە. بۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ماددىي ئاساس، شۇنداقلا دۆلىتىمىزدە ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا كام بولسا بولمايدىغان مۇھىم شەرت. پەقەت شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلەتكەندىلا ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئۆزگەرتكىلى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى يۈكسەلگەندىلا ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغىغىلى، ھەمدە بۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولغىلى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

( 3 ) شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، چېگرا رايون مۇقىملىقىنى قوغداش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. شىنجاڭ ئاسىيا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بۇ جايدا ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق ئون نەچچە مىللەت ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭ يەر كۆلىمى مەملىكىتىمىز يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 1/6 ىگە توغرا كېلىدۇ، سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيىسى 5600 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەم چېگرىنىڭ مۇقىملىقىغا، ئۇزۇن مۇددەت تىنچ ـ ئامان بولۇشىغا پايدىلىق ھەم دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە، ئاغدۇرمىچىلىقىغا، بۇزغۇنچىلىقىغا قارشى تۇرۇشقا، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا پايدىلىق.

( 4 ) شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش — ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنىڭ، چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا چېگرا ئېغىزى كۆپ، تاۋارلارنىڭ يىغىلىش، تارقىتىلىش دائىرىسى كەڭ، سىرتقا ئېچىۋېتىش رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە. تارىختىمۇ چېگرا

سىرتى بىلەن ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن، بولۇپمۇ قازاقىستان، روسىيە، موڭغۇلىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. ئاسىيا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى كۆۋرۈكىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا- دىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن ئىقتىساد جەھەت- تىكى باردى ـ كەلدىسىگە ۋە مەدەنىيەت ئالماش- تۇرۇشىغا ئىنتايىن قولايلىق ئېلىپ كەلدى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش تاشقى سودىنى قاناتياي- دۇرۇشتا، مىللىي ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتە مۇقەررەر ھالدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينى- غۇسى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە چېگرا رايون ساياھەتچىلىكىگە تۈرتكىلىك تەرەققىيات پۇرسى- تى ئېلىپ كەلگۈسى.

**2 . شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مە- دەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا «تونۇش » بى- لەن «ئۆيغۇنلىشىش »نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك**

ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق زىددىيەتلەردىن خالىي بولالمايدۇ . بىرىنچىدىن، ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئەنئە- نىۋىي مەدەنىيىتىنى قوغداپ، ئۆزىگە خاس مەدە- نىيەت ئالاھىدىلىكىنى قوغداشقا تىرىشىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئۆزىگە يات مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشقا مۇھتاج بولۇپ، ئۆزىنى زورايتىپ تە- رەققىي قىلماقچى بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ئاز سان- لىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتىمۇ بۇنىڭ- دىن مۇستەسنا ئەمەس، ئوخشاشلا ئۇنىڭدا: «تو- نۇش» ۋە «ئۆيغۇنلىشىش» مەسىلىسى مەۋجۇت.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنى- يىتىدىكى «تونۇش» : ئومۇمەن شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ، ھەرقانداق بىر مىللەت، مەيلى ئۇ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىردەك ياشقىلار- نىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە مەدەنىيەتمۇ، ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەركىبلەرمۇ مەۋجۇت؛ ۋاھالەنكى، ئۇلار يەنە باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىر ـ بىرىگە سىڭىپ، بىر ـ بىرى بىلەن يۇغۇ- رۇلۇپ رەڭدار، گۈزەل چاقناپ تۇرىدىغان شىن- جاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى شە- كىللەندۈرگەن. دېمەك ئۇ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر دەۋرمۇ دەۋر، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يىغىپ، توپلاپ ۋۇجۇدقا چىقارغان قىممەتلىك بايلىق. شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈشىدىكى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى مەنىۋىي تۈۋرۈك. جۈملىدىن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەسى. مەدەنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى، ئىپتىخارىنى ۋە ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش روھىنى يېتىلدۈرىدۇ. مۇشۇلا بولىدىكەن، بىر مىللەت تاقابىل تۇرۇش ئىنتايىن تەس بولۇۋاتقان تارىخىي مۇھىت خىرى- سىغا يولۇقۇپ قالسا، شۇ مىللەت مىللىي ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، غايەت زور مەركەزگە ئىنتى- لىشچانلىق ۋە ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ھاسىل قى- لىپ، دۇچ كەلگەن مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ. مانا بۇ مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇشتۇر. بۈگۈن بىز دۇنيا ھازىرقى زامان مەدەنىيەت دولقۇنىنىڭ خىرى- سىغا دۇچ كەلمەكتىمىز. زامانىۋىلاشقان شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، مىللىي مەدە- نىيەت ئەنئەنىلىرىنى دەستەك قىلىپ، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ ۋە ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەپ، ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ دۇنيا مىللەتلىرى ئارى- سىدا پۇت تىرەپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شىن-

جاڭنىڭ زامانىۋىلىشىشى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياكى
باشقا بىر رايوننىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ ئەندىزىـ
سى ئەمەس، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاسارىتى،
ئەقىل ـ پاراستى ، شىجائىتى ۋە كۈچ ـ مادارىـ
نىڭ جەۋھىرى بولۇشى كېرەك.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىـ
يىتىدىكى «ئۇيغۇنلىشىش» : ئادەتتە بىرەر مىلـ
لەت بېكىنمە ھالەتتە سىرتتىكى باشقا مەدەنىيەت
بىلەن ھېچقانداق ئالاقە باغلىمىغان مەزگىلدە،
ئۇيغۇنلىشىشتىن ئېغىز ئېچىش بىمەنىلىك بو-
لۇپ، پەقەت ئۇ باشقا مىللەتلەر بىلەن زىچ ئالاقە
قىلغاندا ئاندىن تەرەققىيات باسقۇچى تۆۋەنرەك بو-
لۇۋاتقان مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ قانداق قىلغاندا
تەرەققىيات باسقۇچى يۇقىرىراق بولۇۋاتقان مىللەت
مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلىشىش مەسىلىسى كېـ
لىپ چىقىدۇ . ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى :
بىرەر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئىلغار مىللەت مەـ
دەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزئارا توقۇنۇش ۋە
سىڭىشىش داۋامىدا ئاندىن يېڭىلىنالايدۇ ۋە تەـ
رەققىي قىلالايدۇ. شۇڭا، خىرىس يەنىلا مەدەنىـ
يەت تەرەققىياتىدىكى، ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى
مۇھىم شەرت دەيمىز . سىرتتىن كىرگەن مەدەـ
نىيەتكە مۇئامىلە قىلىشتا، ھەم ھازىرقى زامانغا
لايىق نەزەر دائىرە ۋە كەڭ قورساق بولۇش جاسارـ
تى بولۇشى، ئۇنى قوبۇل قىلالايدىغان جۈرئەت
بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۆز
مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋي مەدەنىيىتىنى ساقلاش
ئاساسىدا، ئۇنى ئوبدان ئويلاپ ۋە تەھلىل قىلىپ،
مۇۋاپىق جايلىرىنى جايىدا قوبۇل قىلىش لازىم.
شۇنداق قىلغاندىلا، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىغا ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولىدۇ. مانا
بۇ مىللىي مەدەنىيەتتىكى ئۇيغۇنلىشىش دېيىلىـ
دۇ. ئادەتتىكى قانۇنىيەت بويىچە كۆزەتكەندە،
ئۇيغۇنلىشىش قانچە كۈچلۈك بولسا، مىللەتلەر
ئارىسىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزلىشىشى شۇنچە تېز
بولىدۇ. زور كۆلەملىك سىڭىشىش ھەر بىر قېـ
تىم ئېلىپ بېرىلسا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قۇتۇبلىشىشى،
ئۆزلىشىشچانلىقى بىر قېتىم كۈچىيىدۇ. مانا
مۇشۇنداق بىر قانچە قېتىملىق زور كۆلەملىك
سىڭىشىش شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر
مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قۇتۇبلۇق بىر گەۋدە بولۇش
ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلەتمەكتە. مانا
مۇشۇنداق رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ھەقىقەتنى ئەـ
مەلىيەتتىن ئىزلەپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ،
كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، مىللىي خۇنۇكلىكنى ۋە
مىللىي كۆرەڭلىكنى تۈگىتىپ، دۇنيادىكى مىلـ
لەتلەر ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى
ئورنىمىزنى بېكىتىشىمىز، باراۋەرلىك سالاھىـ
يىتىمىز بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى
بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشىمىز، ئۇلار
بىلەن پىكىرلىشىشىمىز كېرەك. مۇبادا مۇشۇنداق
قىلالمىساق، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر
مەدەنىيىتى ئاندىن دۇنيا مەدەنىيىتى ئارىسىدا
تەۋرەنمەي پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ
ئەكسىچە بولسا، ئۆزىمىزنى چۈشەپ قويۇپ،
چەكلىنىپ قېلىش پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ
قېلىپ، تەرەققىيات ۋە ئالغا بېسىشتىن يىراقلاپ
كېتىمىز.

ئىنتايىن روشەنكى، شىنجاڭدا ئاز سانلىق
مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا، جەزمەن
«تونۇش» بىلەن «ئۇيغۇنلىشىش»نى ئورگانىك
ھالدا بىرلەشتۈرۈش لازىم. بۇنىڭدا ھەم مىللىي
سوبيېكتلىق ئالاھىدىلىكنى ۋە مىللىي مەدەنىـ
يەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قېلىش،
ھەم چەتئەل مەدەنىيىتىنىڭ نادىر نەتىجىلىرىنى
كەڭ قوبۇل قىلىش لازىم. ئىلغار مەدەنىيەت دېـ
گىنىمىز قىممەتكە ئىگە كۆپ خىل مەدەنىيەت
مېۋىلىرىنىڭ يېڭىچە يىغىنچاقلىنىشى بولۇپ،
ئۇنىڭ ئىچىدىكى زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىمىزغا
پايدىلىقلىرىنى ئېلىپ كېلىشىمىز، پايدىسىزـ
لىرىنى شاللىۋېتىشىمىز، زىيانلىقلىرىنى تاشـ
لاپ، ئېسىل ۋە ئەۋزەللىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز

لازىم. خىزمىتىمىزنى ئەشۇنداق ئىشلەيدىغانلا
بولساق، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
مەدەنىيىتىدە جەزمەن بىر قېتىملىق ساپا خاراك-
تېرلىك سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى ئەمەلگە ئاشۇر-
غىلى بولىدۇ، شۇنداقلا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىشقا
ئاشۇرۇپ، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئىلغار مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا
چىقارغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئىلغار مەدەنىيەت
ئەسلىدە بار بولغان مەدەنىيەت ئاساسىنى ۋە تارى-
خىي خاراكتېرلىك ۋارىسلىقنى ئېتىراپ قىلغان
بولىدۇ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەسلىدىكى ئاساستا تە-
رەققىي قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك.
ئۇنداق بولمايدىكەن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ
ئىچكى ئاساسىنى يوقىتىپ قويغانغا باراۋەر بولىدۇ
. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ خىل ئىلغار مەدەنى-
يەتمۇ مەدەنىيەت بوشلۇقىدا ئالماشتۇرۇش بولى-
دىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى لازىم. مىللەتلەر
ئارىسىدىكى ئالاقىدە كەڭ قورساقلىق بىلەن قوبۇل
قىلىش، سىڭدۈرۈش شەكلىدىكى يېڭى مەدەنىيەت
ئامىللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق ئۆزى-
نىڭ تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەي-
تىش ۋە هاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش زۆرۈر.

### 3 . شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مە-دەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش يوللىرى ۋە ئۇسۇل ـ چارىلىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش كېرەك

مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىلى-
رىنىڭ بىرى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار
مەدەنىيىتىنى ياخشى قوغداش، ئۇبدان تەرەققىي
قىلدۇرۇش شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئاز سانلىق
مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي
تەرەققىياتىنىڭ هاياتىي كۈچى. شۇنداقلا ئىلمىي
تەرەققىيات كۆز قارىشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.
دۇچ كېلىۋاتقان ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى بىز
ئۈچۈن چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر پۇرسەت.
مەدەنىيەت ئارقىلىق چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش
ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ،
شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشى سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى
كۆتۈرۈپ، ئىقتىساد ۋە باشقا تۈرلۈك ئىشلارنىڭ
تېز تەرەققىي قىلىشىغا ماسلىشىشىمىز لازىم.

بىرىنچى، بۇنىڭغا جەزمەن ماركسىزم، ماۋ
زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە
«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇهىم ئىدىيىسىنى
يېتەكچى قىلىپ، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىلغار مەدەنىيىتىنى بەرپا
قىلىشىمىز لازىم. غەرب دۈشمەن كۈچلىرى دۆ-
لىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى چىرىتىشنى مەقسەت
قىلىپ، ئىدىئولوگىيە ئاغدۇرمىچىلىقى ئېلىپ
بارماقتا؛ ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا مەدەنىيەت جەھەتتە
سىڭىپ كىرىشىدىكى مەقسىدى، ۋەتىنىمىزنى
پارچىلاش سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئى-
بارەت. ئۇلار بىر قىسىم جايلارنى قالايمىقانلاش-
تۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، بارغانسېرى ئىچكىرى-
لەپ مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇقىمسىزلىقنى
پەيدا قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا سوتسىيالىستىك تۈ-
زۈمىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى قەستلىمەكتە.
شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئارقىلىق چېگرىنى گۈللەن-
دۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، مۇ-
هىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك
ئىلگىرى سۈرۈپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈچ-
لۈك كۈچ شەكىللەندۈرۈشىمىز، بۇ ئارقىلىق
غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ئىدىئولوگىيە، مە-
دەنىيەت سېپىمىزگە سىڭىپ كىرىش هەرىكىتى
ۋە بۆلگۈنچىلىك سۈيىقەستىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل
تۇرۇشىمىز لازىم. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەتلەر
مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇ-
رۇشتا، چوقۇم ئىلغار مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن
تەرەققىي قىلدۇرۇش، ساغلام، پايدىلىق مەدەنى-
يەتنى قوللاش، قالاق مەدەنىيەتنى تىرىشىپ ئۆز-
گەرتىش، چىرىك مەدەنىيەتكە قەتئىي قارشى تۇ-
رۇش پرىنسىپى بويىچە، ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتى-
مىزدىكى مەنىۋىي مىراسلارنىڭ جەۋھىرىنى قو-

بۇل قىلىپ ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىشىمىز ، ھەرگىزمۇ ياخشىكەنغۇ دەپ قاراپ ، بىراقلا ئېتىراپ قىلىۋەتمەسلىكىمىز لازىم. چەتئەل مەدەنىيىتىنى كىرگۈزۈشتىمۇ پەرقلەندۇرۇشنى ساقىت قىلماسلىقىمىز ، تاللىۋېلىشىمىز لازىمكى ، ھەرگىزمۇ ئۇز پېتىچە ئەكىلىشتىن ، پاسسىپ ماسلىشىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم . جۇڭگونىڭ ۋە چەتئەلنىڭ مەدەنىيىتى ، قەدىمكى ۋە ھازىرقى مەدەنىيەتنىڭ دەۋر ئېقىمىغا ماس كېلىدىغان مۇنەۋۋەر قىسمىنى تەشۋىق قىلىش لازىم . ۋەتەنپەرۋەرلىككە ، كوللېكتىپىزملىقا، سوتسىيالىزمغا پايدىلىق بارلىق ئىدىيىلەرنى ۋە روھنى تەشەببۇس قىلىشىمىز ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشكە ۋە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق ئىدىيە ۋە روھنى تەشەببۇس قىلىشىمىز ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىگە پايدىلىق بارلىق ئىدىيە ۋە روھنى تەشەببۇس قىلىشىمىز ، سەمىمىي ساداقەتلىك بىلەن ياشاپ ، ئەمگەك بىلەن باياشاتلىققا ئېرىشىشتەك بارلىق ئىدىيە ۋەروھنى تەشەببۇس قىلىشىمىز ، بۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت چېگرا مۇداپىئەسىنى ئوبدان ساقلىشىمىز لازىم.

ئىككىنچىدىن ، ھەرقايسى مىللەتلەرگە سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى تەربىيىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم . بۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىدىكى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. بىر دۆلەت ، بىر مىللەت ئۇچۇن ئېيتقاندا ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ئەزەلدىن بىر - بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئويناپ كەلگەن . بۇلار بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ . قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا ئومۇمەن قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە مەجبۇرلاشچانلىقى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ . ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىشتا ، ئومۇمەن ئەخلاق - پەزىلىتىمىزدىكى سۆز بىلەن قايىل قىلىش ، چاقىرىق كۈچى بىلەن ھەل قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى ۋە ئەخلاقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئەخلاق - پەزىلەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ، ھەمدە بۇ ئىككىسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ چىڭ تۇتۇش لازىم . بۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئورتاق غايىسى ، توغرا تارىخىي كۆز قارىشى ، مىللەت كۆز قارىشى ، دىن كۆز قارىشى ، كىشىلىك كۆز قارىشى ۋە قىممەت كۆز قارىشىنى تىكلەشكە يېتەكلىشىمىز كېرەك . مۇرەككەپ تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرماقتا . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرىگە بولغان ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ ، ئاپتونوم رايونىمىز ئوتتۇرىغا قويغان «تۆت تونۇش» يەنى ( ۋەتەن تونۇشى ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى تونۇشى ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى تونۇشى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تونۇشى ) نى يېڭى دەۋر ، يېڭى باسقۇچ ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ يېڭى تەلىپى قاتارىدا بوشاشماي چىڭ تۇتۇش لازىم . ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ، ئىلىم - پەن روھىنى كەڭ تەرغىپ قىلىپ ، ئىلىم - پەنگە ئىخلاس قىلىدىغان ، خۇراپاتلىققا ۋە ساختا ئىلىم - پەنگە قارشى تۇرىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىش لازىم . بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈملەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈزەل ئەنئەنىسىگە ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىدىغان ئىدىيە ، ئەخلاق سىستېمىسىنى تەدرى-

جىي بەرپا قىلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچىدىن، مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئېتەشىمىز كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: مىليارد نوپۇسقا ئىگە چوڭ دۆلەتتە مائارىپ يۈكسەلسە، ئىختىساسلىقلار بايلىقى جەھەتتىكى غايەت زور ئەۋزەللىككە ھېچقانداق دۆلەت يېتىشەلمەيدۇ، دېگەندى. ئىختىساسلىقلار ئەۋزەللىكى بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئىلغار سوتسىيالىستىك تۈزۈم قوشۇلسا، مەقسىتىمىزگە چوقۇم يېتەلەيمىز. شۇڭا ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى تۇتقانغا ئوخشاش مائارىپ خىزمىتىنى ياخشى تۇتىشىمىز لازىم. مائارىپ سوتسىيالىزمنى قۇرۇپ چىقىشىمىزدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا باشلامچىلىق، يېتەكچىلىك، ئومۇمىيلىق رولىغا ئىگە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويغان. ھازىر شىنجاڭنىڭ ئاز بولمىغان جايلىرى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىسى جەھەتتە تېخىچە تەبىئىي ئىگىلىك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىجتىمائىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي شەكلىدىن تامامەن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى بىر قەدەر يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىگە، دېموكراتىيە ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تەلىپىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەت بىلىملىرى بىر قەدەر تۆۋەن كىشىلەر ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت ئادىتىگە يەنىلا كۆنۈپ كەلمەكتە. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇنداق ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇلارنى ئىتتىپاقلىشىپ تەرەققىي قىلىشقا توسالغۇ بولۇۋاتقان كونا ئۆرپ - ئادەت، كونا قائىدە - يوسۇندىن خالاس قىلىش، ئۇلارنىڭ ئېچىۋېتىش ئېڭى ۋە ئالغا ئىنتىلىش ئېڭىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىش، جۇملىدىن ئىختىساسلىقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزئارا تولۇقلاش ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىشقىمۇ پايدىلىق. شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى لازىم. ئەقلىي، ئەخلاقىي، ساغلاملىق ۋە گۈزەللىكتە ئومۇمىيۈزلۈك يېتىلگەن قۇرۇلۇشچىلارنى ۋە ئىز - باسارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم؛ بولۇپمۇ «قوش تىللىق» ئىختىساس ئىگىلىرىنى ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى يېڭىلىق ياراتقۇچى ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت، ئۇسسۇل ھەمدە تىل تالانتىغا ئىگە، مۇشۇنداق مىللىي ئالاھىدىلىكنى تامامەن تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز ۋە بۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش قەدەمىنى تېزلىتىشىمىز لازىم.

تۆتىنچىدىن، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ھەم ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە مىللىيلىقىنى ساقلاپ قېلىش، ھەم مەدەنىيەتنىڭ بىرىكىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋىلىشىشىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. جى شيەنلىن ئەپەندى: «شىنجاڭنىڭ 2000 يىلى» دېگەن ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە شىنجاڭ

ئۆزىگە خاس ئورۇنغا ئىگە، دېگەن. بۇ شىنجاڭنىڭ دائىرىسى كەڭ، مىللىتى كۆپ بولغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسىگە قارىتىلغان. شىنجاڭ قەدىمكى يىپەك يولىغا جايلاشقان جاي، ئۇ ئەزەلدىن كۆپ خىل مەدەنىيەت توپلاشقان، ئالماشتۇرۇلغان، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن جايدۇر. ئىنسانلار تارىخىدىكى شەرق خۇاشيا مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتى، غەربنىڭ قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ ھەممىسى دەل بۇ جايدا ئۇچراشقان، بۇ جايدىكى مىللەتلەرمۇ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان. ھەمدە نۇرغۇن ئاتاقلىق پەيلاسوپ، تارىخشۇناس، مۇتەپەككۇر، شائىر، مۇزىكانتلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۈچ چوڭ داستانى ئىچىدىكى «ماناس» ۋە «جاڭغىر» دەل مۇشۇ سىرلىق زېمىندا مەيدانغا كەلگەن. ئۆتمۈشتىكى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتكە ئەلۋەتتە ۋارىسلىق قىلىشقا ۋە ئۇنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئەرزىيدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؛ ئەمما بۇ پەقەت مەسىلىنىڭ بىرلا تەرىپى. يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇن ژانىرلىرى غەيرىي يازما شەكىلدە خەلق ئارىسىدا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن: يۇرۇش ـ تۇرۇش ئادىتى، دىنىي قائىدە ـ يوسۇن، ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۆلچىمى ۋاھاكازالار. بۇلار بىزدىن تەتقىقات نەزەر دائىرىمىزنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغىچە كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلماقتا. مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ۋە مەدەنىيەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جەزمەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتى ۋە خەلق ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەر سەنئەت جەۋھەرلىرىنى رەتلەپ چىقىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا نەزەر سېلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، پائال يېڭىلىق يارىتىپ، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تارتىش كۈچىنى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز لازىم. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن ئېڭى زور دەرىجىدە يۈكسەلمەكتە. مىللەتچىلىك ئېڭى زور دەرىجىدە كېمەيمەكتە. بۇ مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىكىنى ۋە دۇنياۋىيلىقىنى قوغداشقا تېخىمۇ پايدىلىق. ئۇيغۇر، قازاقلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەزەلدىن قىزغىن، شوخ، مېھماندوست، ئىشچان، باتۇر مىللەت بولۇپ، تەقدىرگە تەن بەرمەسلىك روھى بىلەن داڭق چىقارغان. بۇنداق مىللىي روھنى رىغبەتلەندۈرۈشكە ۋە تەشۋىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇڭا، جاسارەت بىلەن ئىزدىنىش، ئالغا ئىنتىلىش روھى ھالىتىمىز بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش ئىشلىرىغا پائال ئاتلىنىشىمىز زۆرۈر.

### 4 . يەرشارىلىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى گۈزەل تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە

مەدەنىيەت ــــ ھاياتىي كۈچكە تولغان ھەركەت جەريانىدۇر. مەيلى ئۇ قايسىبىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش تارىخى بولىدۇ، ھەممىسىنىڭ

ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى بولىدۇ. ماركىس
مۇنداق دېگەن: ئىنسانلار ئۆز تارىخىنى ئۆزى يا-
رىتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنى ئۆز مەيلىچە ياراتمايدۇ،
ھەمدە ئۇنى ئۆزلىرى تاللىۋالغان شەرتلەر ئاساسىدا
ياراتمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئۆتمۈشتىن ۋارىسلىق قى-
لىنىپ كەلگەن شەرت ئاساسىدا يارىتىدۇ. بىز
بەرپا قىلماقچى بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر مە-
دەنىيىتى دەل شىنجاڭ زېمىنىدا بولىۋاتقان،
شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە ئەسلىدە بار
بولغان ۋە ۋارىسلىق قىلىنىپ كېلىۋاتقان، ئەنئەنە
ئاساسىدا بەرپا قىلغان، زامانىۋىلىشىش مۇساپى-
سىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ئومۇمىيۈزلۈك گەۋدى-
لەندۇرۇپ بېرىدىغان ئىلغار مەدەنىيەتتۇر.

شىنجاڭنىڭ بۇ زېمىنى تارىختا ئىنتايىن
گۈللەنگەن. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ داۋامىدا
شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر كۆزنى چاق-
نىتىپ تۇرىدىغان شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان.
مەسىلەن، ئۇۋچىلىق، چارۋىچىلىق مەزمۇن قى-
لىنغان شىنجاڭ قىياتاش رەسىملىرى ئەڭ دەس-
لەپكى مەزگىللەردىكى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ تا-
رىخىي قىياپىتىنى نامايەن قىلىپ بەرگەن.
كۆزنى قاماشتۇرغىدەك كۆسەن تاشكېمىر سەنئى-
تى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنى-
يەت مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتتى. كۆچمەن
چارۋىچى مىللەتلەر ياراتقان مول مۇھىت قوغداش
ئېڭىغا ئىگە كۆچمە چارۋىچىلىق ئىختىسادى ۋە
مەدەنىيىتى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ بىر گەۋدە
ئىكەنلىكىدەك ئىلغار ئىدىيىنى ئۆز ئىچىگە ئال-
غان. يەنە بىر جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان
مىللەتلەر يەنى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز
، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى،
ئۆزىگە خاس مىللىي مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسسۇل-
لىرى جۇڭخۇا مەدەنىيەت غەزىنىسىنىڭ مۇھىم
تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس
بىر تۈغ .

11 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى
3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىش دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيا-
تىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى، شۇنداقلا
شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى-
نىڭ تەرەققىياتىغا جانلىنىش ئاتا قىلدى. ئىق-
تىسادنىڭ يەرشارىلىشىش ۋە دۇنيانىڭ كۆپ قۇ-
تۇبلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيادىكى ھەر خىل
مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئۇچرىشىش ۋەزىيىتى شە-
كىللەنمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە قوبۇل قىلىنىشى-
مۇ، چەتكە قېقىلىشىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.
شۇنداقلا يەنە بىر ـ بىرىگە سىڭىشىش ۋە بىر ـ
بىرى بىلەن قارشىلىشىش تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرماقتا. پۇرسەت ۋە خىرىس ئالدىدا شىنجاڭدىكى
ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز جايىنىڭ جۇغراپىيىلىك
ئورنىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پائال تاقابىل تۇرۇش
پوزىتسىيىسى بىلەن ئەتراپتىكى دۆلەتلەر ۋە دۆ-
لىتىمىزدىكى ئىچكى جايلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيە-
تىنى ۋە پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى سالماقلىق
بىلەن قوبۇل قىلىپ، مەدەنىيەتنىڭ بىرىكىشى ۋە
ئۆزئارا ئالمىشىشىنى ئىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ
، ھەم ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ مىللىيلىقىنى ساقلى-
شى، ھەم مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋىيلىقىنى قوغدىشى
لازىم. بىز خۇشاللىق بىلەن شۇنى كۆرمەكتە-
مىزكى، ئۆزىگە خاس شىنجاڭ ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر مەدەنىيىتى (مەسىلەن، ئۇيغۇرلار مەدەنى-
يىتى، قازاقلار مەدەنىيىتى، قىرغىزلار مەدەنى-
يىتى) يەرشارىلىشىش ئېقىمىغا ئەگىشىپ،
شىنجاڭدىن، جۇڭگودىن چىقىپ دۇنيا مەدەنىيە-
تىگە قوشۇلۇپ كەتتى. شىنجاڭدىكى نۇرغۇن
مۇزىيخانىلارنىڭ، خاتىرە سارايلىرىنىڭ ئارقا ـ
ئارقىدىن سىرتقا ئېچىۋېتىلىشى، مىللىي خى-
لەتكە باي ئۆرپ ـ ئادەت، ساياھەت سورۇنلىرىنىڭ
تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلىشى، مىللەتلەرنىڭ بىر
قىسىم تارىخىي مەدەنىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن

كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا تارقىلىشى، مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇل، دىراما، مۇزىكا ئۆمەكلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئويۇن كۆرسىتىشى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەخىرلىنىشىگە ۋە ئىپتىخارلىنىشىغا ئەرزىيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭ تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىش جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولماقتا. مەدەنىيەت ئارقىلىق چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش داۋامىدا، بىز بۇ ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز، دەۋر مىلودىيىسىنى جاراڭلىق ياڭرىتىپ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، دەۋر روھىنى، مىللەتلەر روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك گەۋدىلەندۈرۈپ، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنمۇ ـ يوق، مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنمۇ ـ يوق، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالغا بېسىشىغا ۋە گۈللەپ ـ ياشنىشىغا پايدىلىقمۇ ـ يوق، دېگەن بىرلىكنى ئۆلچەم قىلىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدىغان بارلىق تۈزۈلمىنى، مېخانىزمنى ۋە سۈنئىي توسالغۇلارنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بارلىق «چوقان»، «ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار»نى مەنئىي قىلىپ، ھەممىدە قۇرۇلۇش، تەرەققىيات، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى قەدىرلەپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى ۋە ئۇزۇن مۇددەت ئەمىن بولۇشىغا ياخشى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتى يارىتىشىمىز لازىم.

ھازىرقى دەۋردە مەدەنىيەتنىڭ كۈچى مىللەتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىگە، ئىجادىيەت ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتتى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىز چوقۇم تارىخىي ماتېرىيالىزمچە ئىلمىي ـ پەن كۆز قارىشى ۋە ئۇسۇلى بىلەن، ئەجدادلىرىمىز قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە تەنقىدىي ئاساستا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى ئۈزلۈكسىز قېزىپ، چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنى ئۆز جايىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلىشىمىز؛ مەدەنىيەتنىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقى بىلەن تەسىرچانلىقىنى بىرلەشتۈرۈشىمىز، مەۋقەنى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشقا قويۇپ، ئۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تۈرتكىلىك كۈچىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە باشتىن ـ ئاخىر ۋەكىللىك قىلىپ كەلمەكتە. جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى پۈتۈن جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىشىنىڭ مۇھىم كۈچ مەنبەسى. شىنجاڭ رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى پۇختا، مول ۋە چوڭقۇر قاتلامغا ئىگە، ئۇ مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، ئۇنىڭ مەنبەئى ئىنتايىن مول، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ئىنتايىن چوڭ، ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق. ئۇ جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىگە، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيىتىگە تامامەن مۇھىم تۆھپە قوشالايدۇ. شۇنداقلا يەرشارىلىشىش مۇساپىسىدە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

مەھمۇد ئىنايەت تەرجىمىسى
تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# ۋېتناملىقلارنىڭ قەبرىستان مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

رەھىم يۈسۈپ

ۋېتنام سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان بىر ھەپتىلىك سەپىرىمدە مېنى كۆپرەك جەلپ قىلغان بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ، ۋېتناملىقلارنىڭ قەبرىستان مەدەنىيىتى. جۇڭگو چېگرىسىدىن ۋېتنامنىڭ پايتەختى خېنىي شەھىرىگە بارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قارايدىغان بولساق، ناھايىتى رەتلىك ۋە چىرايلىق ياسالغان قەبرىلەر ۋە بىر پۈتۈن قەبرىستانلىق كۆزىمىزگە روشەن چېلىقىدۇ. ۋېتنامنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىستانلىقى شۇنداق چىرايلىق، گۈزەل مۇھىت ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاددىي پۇقرالار نىڭ قەبرىسىمۇ شۇنداق ياپيېشىل، گۈزەل مۇھىت ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئاددىي پۇقرا بىلەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسىنى پەرىقلەندۈرۈش ناھايىتى تەس. ۋېتناملىقلارمۇ بىز ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش يەرگە دەپنە قىلىدىكەن. ئەمما بىزگە ئوخشاش ئىچ يەرلىك، تاش يەرلىك دەپ ئايرىماي، يەرنى بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولاپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىدىكەن . ئاندىن تاش تاختا ياكى سىمونتتىن ياسالغان تاختا بىلەن بەلگە ياساپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئىسمى، تۇغۇلغان يىلى بىلەن ۋاپات بولغان يىلى، ۋاپات بولغۇچىنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرىنىڭ ئىسمى قاتارلىقلار ئۆلچەملىك ۋە ناھايىتى چىرايلىق خەت بىلەن يېزىلىدىكەن. قەبرىستانلىقنى باشقۇرغۇچى خادىملار ئىچىدە مەخسۇس قەبرىلەرگە خەت يېزىپ بېرىدىغان خەتتاتلار باركەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيلى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى بولسۇن ياكى ئاددىي پۇقرالارنىڭ قەبرىستانلىقى بولسۇن، ئۇنىڭغا مەخسۇس قارايدىغان، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان، پىلانلايدىغان خادىملار بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيەسىدىن بېرىدىكەن. قەبرىلەر مەخسۇس خادىملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھايىتى رەتلىك قاتۇرۇلىدىكەن. كىرىپ - چىقىشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، بىر رەت قەبرە بىلەن ئىككىنچى بىر رەت قەبرە ئوتتۇرىسىدا يول بولىدىكەن. قەبرىلەرنىڭ ئۈستى گۈزەللەشتۈرۈش يەنى ھەر خىل رەڭلىك گۈللەرنى ئۆستۈرۈشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بېلىق شەكلىدەك ياسالماي، تۆت چاسا قىلىنىپ، تۈز ياسىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاپات بولغۇچى ياكى ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ياخشى كۆرىدىغان گۈللەر ياكى يېشىل ئوت - چۆپلەر تىكىلىدىكەن. ھەر يىلى كۆچەت تىكىش پەسلىدە كىشىلەر ئاڭلىقلىق بىلەن قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپىغا ھەقسىز كۆچەت تىكىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا چوڭ - كىچىك قەبرىستانلىق يىراقتىن قارىغاندا خۇددى چىرايلىق لايىھەلەنگەن چوڭ - كىچىك باغچى-

لارغا ئوخشايدىكەن. بۇنداق ئەھۋالنى نەق ئالدىنقى يىلى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە قىلغان سەپىرىمدىمۇ ئوخشاشلا ئۇچراتتىم، ئەمما ۋېتناملىقلارنىڭ قەبرىستان مەدەنىيىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەن.

ئەپسۇسكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قەبرىستانلىقتا قارايدىغان بولساق، ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىن باشقا نۇرغۇن قەبرىستانلىقنىڭ ياسىلىشى ئۆلچەمسىز، بولۇپمۇ خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، كورلا، ئاقسۇ...... قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەبرىستانلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى گىيا ئۈنمەيدىغان قاقاسلىق جاڭگاللارغا، سايلىقلارغا، دۆڭلۈكلەرگە، چەت، تاشلاندۇق يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەرقايسى جايلاردىكى قەبرىستانلىق ئىگىلىگەن جاي ئوخشاشلا شۇ يەردىكى ھۆكۈمەتكە، خەلققە تەۋە بولغان جاي، ئەمما ئۇ قەبرىستانلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى شۇ يەرنىڭ كۆكەرتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلمىگەن، مەلۇم دائىرىگە ئېلىنمىغان. مەن جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەتتا بىر قىسىم ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسىنىڭمۇ ئانچە ياخشى ئاسرالمىغانلىقىنى، قەبرە ئەتراپىنىڭ ياخشى كۆكەرتىلمىگەنلىكىنى، قەبرىلەر ئۈستىدىكى خەتلەرنىڭ ئۆچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

ۋېتنام قاتارلىق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قەبرىلەرنىڭ بىرسى ئېگىز بىرسى پەس، بىرسى كىچىك بىرسى چوڭ بولماستىن رەتلىك ئىكەن. ۋېتنام تاغلىق دۆلەت بولۇپ، يەر ناھايىتى قىس بولغاچقىمىكىن، ھەر بىر قەبرىنىڭ ئىگىلىگەن يېرى بىر يېرىم مېتىردىن ئېشىپ كەتمەيدىكەن. ئۇلار قەبرىنى قانداق قاتۇرۇش، قانداق كۆكەرتىش ۋە قوغداش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل مەدەنىيەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇيدىكەن.

بېيجىڭدا ناھايىتى ئۆلچەملىك ياسالغان مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بار. بۇ قەبرىستانلىقمۇ خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك ئۇسۇل بىلەن باشقۇرۇلۇپ كەلمەكتە. بىزمۇ ئىچكىرىنىڭ ياخشى ئۇسۇللىرىنى شىنجاڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەتئەلنىڭ ياخشى ئۇسۇللىرىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇلاردىن ئۆگەنسەك، ھەر يىلى كۆچەت تىكىش بايرىمى ۋە پەسلى كەلگەندە، ئالدىنقى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قەبرىستانلىقلارنىڭ ئەتراپىغا كۆچەت، گۈل ـ گىياھلارنى تىكسەك، ئۇلار ئالدىدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلغان بولىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياپيېشىل، گۈزەل مۇھىتتا يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇھىتىمىزنى گۈزەللەشتۈرۈش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش مەقسىتىگىمۇ يېتەلەيمىز. بۇ ھەم دۆلەتكىمۇ، خەلققىمۇ پايدىلىق بولغان بىر ساخاۋەتلىك ئىش. مېنىڭچە، ۋېتناملىقلارنىڭ قەبرىستان مەدەنىيىتىنى ئەينەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى)

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# ئاپتونوم جايلار سانائەتلىشىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم

مەھمۇد ئىنايەت

دەۋر تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سانائەتلىشىش —زامانىۋىلىشىشنىڭ ئۇلى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش زامانىۋىلاشقانلىقنىڭ دەسلەپكى بەلگىسى. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاپتونوم جايلار سانائەتلىشىشكە ئىنتايىن مۇھتاج. پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا: «سانائەتلىشىشكە ئۇچۇر ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشتا، ئۇچۇرلىشىشنى سانائەتلىشىش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تىپتىكى سانائەتلىشىشنىڭ پەن ـ تېخنىكىلىق تەركىبىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، بايلىقنىڭ خوراش سەرپىياتى تۆۋەن، مۇھىت بۇلغىنىشى تۆۋەن، ئادەم بايلىقى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغان ئىلمىي تەرەققىيات يولىنى تېپىش لازىم» دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. يېڭى تىپتىكى ئىلمىي سانائەتلىشىش يولىدا مېڭىش دۆلىتىمىزنىڭ سانائەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ۋە زامانىۋىلىشىشنى تېزلىتىشتىكى مۇقەررەر تاللىشى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە باشقا ئاپتونوم جايلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، يېڭى تىپتىكى ئىلمىي سانائەتلىشىش يولىدا مېڭىش كېيىنكى تەرەققىياتتا ھالقىش خاراكتېرىدىكى ئىلمىي تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئاچقۇچلۇق يول، شۇنداقلا مۇھىم باش ۋەزىپە. شۇڭا يېڭى تىپتىكى سانائەتلىشىش يولىغا مېڭىشتا، تۆۋەندىكى بىر قانچە مۇناسىۋەتنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، سانائەتلىشىشنى شەھەر ـ بازارلىشىش بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. سانائەتلىشىش ئارقىلىق شەھەر ـ بازارلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، شەھەر ـ بازارلىشىش ئارقىلىق سانائەتلىشىشكە تۈرتكە بولۇش، بۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشقا مەدەت بېرىپ، يېڭى تىپتىكى ئىلمىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىشنىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش ۋە ئۇنى بېيىتىش لازىم. نۆۋەتتە ئاپتونوم جايلار دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە سانائەتلىشىش ۋە شەھەر ـ بازارلىشىشنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلمەي، دەۋر ئېقىمىنىڭ ئارقىدا قېلىش مەسىلىسى بولۇپ، سانائەتلىشىشنىڭ، شەھەر ـ بازارلىشىشنىڭ ئارقىدا قېلىشى ھازىرقى شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، تاق مەنبەلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىگە بېكىنىپ قېلىپ، يېزىلار بىلەن شەھەرلەرنىڭ پەرقىنى كېڭەيتىۋېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، سانائەتلىشىشتە ئاساسىي ئەمگەك كۈچى بولغان كەڭ پۇقرالارنى ئىش ئورنىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ چەكلىك ئىش ئورنى بىلەن باغلىنىپ قېلىپ، ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرمۇشنى بېيىتىش، ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ قويىۋاتىدۇ. جۇملىدىن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەڭ، ماس قەدەمدە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولىۋاتىدۇ. بۇ ئاپتونوم جايلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان مەسىلە بولۇپ، بۇنى سانائەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىقتىسادنى ئىلمىي ئاساستا تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەرەققىي قىلغان رايونلارنى ئۆز تەرەققىياتىغا ئۆرنەك قىلىش، پەرقنى تەدرىجىي ئازايتىش، شۇنداقلا شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقلىنىپ تۇرۇشتەك ئىككى قۇتۇپلۇق ھالىتىگە خاتىمە بېرىش ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىم. ئاپتونوم جايلار شەھەر ـ بازارلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، چوقۇم ئۆز رايونىنىڭ سانائەتلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم جايلار ئاممىسىنىڭ ئۆز نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياخشى ئۇل ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم جايلار ئىقتىسادىنى ئىلمىي تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن تەبىئەت مۇھىتىنى ئاسراشنى ماس قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم

سانائەتلىشىش، شەھەر ـ بازارلىشىش ئاپتونوم جايلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇشكۇل ۋەزىپە. ئۇ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئېغىر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاپتونوم جايلار نۇرغۇن بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە. سانائەتلىشىش، شەھەر ـ بازارلىشىشنى دەپ بايلىقنى خورىتىشقا، مۇھىت ئېكولوگىيىسىنى قۇربان قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنىڭ ئەقەللىي پرىنسىپى بولۇپ، سانائەتلىشىش، شەھەر ـ بازارلىشىشتا چوقۇم تەرەققىي قىلىش بىلەن بايلىقنى ئاسراش، قەدىرلەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ھەقىقىي قوغداش پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش زۆرۈر. شۇڭا، دۆلەتنىڭ كەسىپ تاللاش، ئېچىش پىلانى ۋە مۇھىت ئاسراش سىياسىتىگە ئاساسەن، نۆۋەتتە ئاپتونوم جايلار تەۋەسىدىكى خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن ئۆلچەمگە توشمىغان، يەر ئاستى بايلىقىنى خالىغانچە ئېچىپ، خالىغانچە بۇزۇپ خورىتىدىغان ئۇششاق، كىچىك كارخانىلارنى، زاۋۇتلارنى، شىركەتلەرنى ئايانماستىن توختىتىش ۋە تاقاش لازىم. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشىغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، ئەمما دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشالمايۋاتقان زاۋۇت ـ كارخانىلارنىڭ تېخنىكا، ئۈسكۈنە ئۆزگەرتىشىگە تېگىشلىك قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. ئاپتونوم جايلاردا ئەينى يىللاردا پارتىيە ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان نۇرغۇن كارخانىلار بار. ئۇلار ئۆز دەۋرىدە بۇ جايلارنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان، لېكىن دەۋر ئېقىمىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە ئۆلچىگەندە، تېخنىكىلىق قۇرۇلمىسى يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىلىق ئۈسكۈنە قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئۇلارنى پەن ـ تېخنىكىلىق ئۈسكۈنە قۇرۇلمىسى ئىلغار، سانائەتلىشىش تەلىپىگە ئۇيغۇن، دەۋر قەدىمىگە ماس كېلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش لازىم. شۇنداقلا ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى ياخشى، سۈپەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش تەلىپىگە يەتكۈزۈش لازىم. ئاپتونوم جايلار بازار تەلىپىگە لايىقلىشىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، سانائەتلىشىشنى، شەھەر ـ بازارلىشىشنى، مۇھىت ئاسراشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈرلۈك كەسىپلەرنى پائال راۋاجلاندۇرۇشى لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، دۆلەتنىڭ، قېرىنداش ئۆلكە، رايونلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز جايلىرىدا شۇ يەردىكى كەسىپلەرگە ئائىت تەجرىبىخانىلارنى قۇرۇپ، قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق، لايىھەلەش شىركەتلىرىنى جەلپ قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ كارخانىلارنىڭ زىيان سەرپىياتىنى ئازايتىپ، تەكرار پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادنى ئاشۇرۇپ، سانائەتلىشىش، شەھەر ـ بازارلىشىشتا تارىختا كۆرۈلگەن بەزى تەكرارلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى شەرت.

ئۈچىنچىدىن، ئاپتونوم جايلار ئۆزىگە خاس نۇرغۇن كەسىپ ئەۋزەللىكىگە ئىگە. شۇڭا بازار ئىگىلىكىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپ بىلەن يېڭىدىن گۈللىنىپ باش كۆتۈرۈپ چىققان يېڭى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ماس قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەيلى كونا ياكى يېڭى كەسىپلەر بولسۇن ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ، تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئىزچىل بازارغا توغرىلاپ، ئاجىز ھالقىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش روھى بويىچە يېڭى كەسىپلەرنى ئۈزلۈكسىز يېتىلدۈرۈشى لازىم. ئاپتونوم جايلارنىڭ تەرەققىياتىدا بىر قېلىپقا بېكىنىۋېلىشتىن ساقلىنىش، تەرەققىيات ئەندىزىسىدە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بەزى يېتەرسىز ئۇسۇللىرىنى دورىماسلىق، ئاۋۋال ئۆز جايىنىڭ ئەۋزەل كەسپىنى چىڭ تۇتۇپ، سانائەتلىشىش، شەھەر ـ بازارلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم.

تۆتىنچىدىن، دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇنى»غا ئاساسەن، دۆلىتىمىزدە دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن پۇقراۋى ئىگىلىك ئومۇمىي بازار ئىگىلىكىنىڭ سوبيېكتىپ ئىگىلىرى بولۇپ، بۇ ئىككى ئىگىلىكنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا سانائەتلىشىش، شەھەر ـ بازارلىشىش جەريانىدا تېگىشلىك تۆھپە يارىتالايدۇ. بۇنىڭدا ئىسلاھات مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، شىركەت ۋە گۇرۇھلارنىڭ ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. بۇ جەھەتتە كاللا قاتۇرۇشقا، مېڭىنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولۇپ، يۈرۈشلەش-

كەن باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش كېرەك. ھەرقايسى سوبېكتىپ ئىگىلەر ئۆز مۆلكىنى ئۆلچەم بويىچە باھالاپ چىقىشى، قىسقارتىلىپ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە چىقىش يولى تېپىپ بېرىشى، شۇنداقلا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولۇشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ياخشى سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشى لازىم.

بەشىنچىدىن، مەيلى قايسى دەرىجىلىك ئاپتونوم جاي بولسۇن، ئومۇمەن ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار بىلەن يەرلىك كارخانىلار، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بىلەن پۇقراۋىي كارخانىلارنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئايرىم ئاپتونوم جايلاردا خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەركەزگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئاپتونوم جايلاردا تايانچ كارخانا ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، يەرلىككە نىسبەتەن مەلۇم يېتەكلەش رولىغا ئىگە. شۇڭا ئاپتونوم جايلاردىكى يەرلىك كارخانىلار ئۆز ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەشتە «ئىۋەتىپ تەربىيىلەش» ياكى «تەكلىپ قىلىپ ئۆگەتكۈزۈش» ئۇسۇلى ئارقىلىق، تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشى لازىم.

دېمەك، ئاپتونوم جايلارنىڭ سانائەتلىشىشى ۋە شەھەر ـ بازارلىشىشىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى، تەرەققىياتنى كۆزلەپ، «ئۇچقە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ باش ـ ئاخىرىغا سىڭدۈرۈپ، ئاپتونوم جايلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇش لازىم.

شىنجاڭ دۆلىتىمىزدىكى يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم جاي بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە، 50 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق خېلى ياخشى سانائەتلىشىش، شەھەر ـ بازارلىشىش ئاساسىنى ياراتتى. شىنجاڭ دائىرىسىدىكى بەش ئاپتونوم ئوبلاست، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە، 40 نەچچە مىللىي يېزىمۇ مەلۇم سانائەتلىشىش ئاساسىغا ئىگە بولدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتتا داۋاملىق پارتىيە رەھبەرلىكىگە تايىنىپ، ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى ۋە زاپاس بايلىقلارنى ئېچىشنى چىڭ ئىگىلەپ، ئاپتونوم جاي ئەۋزەللىكىگە ئېتىبار بېرىپ، ماكرولۇق تەڭشەش بىلەن مىكرولۇق ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان ئاپتونوم جايلارنىڭ سانائەتلىشىش قەدىمىنى، شەھەر ـ بازارلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشىمىز لازىم.

ئاپتونوم جايلاردا سانائەتلىشىش، شەھەر ـ بازارلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش—ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ھازىرقى زامان ئىقتىسادىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى نامايەن قىلىشتىكى كۆزنەك، شۇنداقلا ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئاپتونوم جايلاردا ھەقىقىي ئەمەلىيلەشكەنلىكىنىڭ جانلىق سىمۋولى. شۇڭا ئۇ ھەممە ئاپتونوم جايلارنىڭ ھەمدە ئاپتونوم جايلاردا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەتتىن قارىغاندىمۇ، دۆلىتىمىزدىكى، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاپتونوم جايلارنىڭ سانائەتلىشىش، شەھەر ـ بازارلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش ۋە ئۇنى تەرىشىپ رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ھەم كۈچلۈك سىياسەتچانلىققا، ھەم تەشۋىقات رولىغا ئىگە. شۇڭا مەركەزدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونىمىزغىچە بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ھەرقايسى ئاپتونوم جايلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش روھى بويىچە ئۆز جايلىرىنىڭ سانائەتلىشىش، شەھەر ـ بازارلىشىش قەدىمىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. شۇنداق دەپ جەزىملەشكە بولىدۇكى، بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتا ۋەزىپە مۇشكۈل، يول يىراق، زامان تەقەززاسى كۈچلۈك، ئىستىقبال ئىنتايىن پارلاق.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) مىللىي، دىنىي سىياسەت تەتقىقات ئورنى)

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# شىنجاڭنىڭ مىللەت ، دىن خىزمىتى ئۇچۇرلىرى

**دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قۇمۇل شەھەرىدىكى ئىككى مەكتەپكە كومپيۇتېر ئىئانە قىلىپ ، مەكتەپنىڭ قوش تىل ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى .** يېقىندا ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قۇمۇل شەھەرلىك لۇنبېڭ ئۇمىد باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە باركۆل ناھىيىلىك كۆيسۇ ئوتتۇرا مەكتىپىگە 15 دانە كومپيۇتېر ئىئانە قىلدى . بۇلتۇر 6 - ئايدا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ شىمىن قۇمۇلدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ «قوش تىل ئوقۇتۇشى» ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن . نۆۋەتتە بۇ كومپيۇتېرلار ئىشلىتىلىشكە كىرىشتۇرۇلۇپ ، مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاشقا تۈرتكە بولدى . (قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

**شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى .** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت باشتىن - ئاخىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ ، تۈرلۈك شەكىلدىكى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ، ئەخلاقىي ، ئەقلىي جەھەتتىن تەڭ يېتىلگەن زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى . 1950 - يىلى ، شىنجاڭدا ئاران 3000 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بار ئىدى ، 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 47 مىڭ ئىدى ، ھازىر 338 مىڭغا يېتىپ ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 52%نى ئىگىلەپ ، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىدىن 110 ھەسسە كۆپەيدى . ئاز سانلىق مىللەت ئايال كادىرلىرى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئايال كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 66%ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى . ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ۋەزىيەتكە ئىلمىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ، بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ، مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ۋە ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، شىنجاڭ ھەر يىلى زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ مىللىي سىنىپى ۋە تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق جايلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدا شۇنداقلا ئىچكىرىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلاردا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتتى . (ئىشخانا)

**شىنجاڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) يار - يۆلەك بولۇش نۇقتىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ھال سوراش پائالىيىتى ئېلىپ باردى .** بۇ يىل 1 - ئايدا ، شىنجاڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) «ئەمەلىي ئەھۋالغا ئەھمىيەت بېرىش ، ئەمەلىي ئىش قىلىش ، ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ھال سوراش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى . مۇئاۋىن مۇدىر شۇ شىجيې باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ، ھال سوراش ئۆمىكى تاشقورغان ناھىيىسى تاجىكئابات بازىرى دۆلەت كەنتىگە بېرىپ ، كەنتتىكى 78 نامرات ئائىلىنى يوقلىدى ھەمدە ئۇلارغا 17 مىڭ 400 يۈەن ھال سوراش پۇلى تارقىتىپ بەردى . دۆلەت كەنتى ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ، كومىتېت (ئىدارە)مىزنىڭ يار - يۆلەك بولۇش ئوبيېكتى . 2006—2007 - يىللىق يار - يۆلەك بولۇش ۋەزىپىسىنى تولۇق تاماملاش ئۈچۈن ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى كەنتتىكى ھەر بىر ئائىلىگە بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ، يار - يۆلەك بولۇش لايىھىسىنى تۈزۈش ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال يىغدى . (ئىقتىساد باشقارمىسى)

**ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى تۇنجى قېتىملىق خىزمەت يىغىنى ئاچتى.** 2006 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق خىزمەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا «ئومۇمىي قائىدە»، «يەككە تۈرلەر قائىدىسى» تەييارلىق خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى، تەشۋىقات لايىھىسى ۋە تەشۋىقات شوئارى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا چەۋەندازلىق، مىللىيچە چېلىشىش، ئەلەڭگۈچ ئۈچۈش، ياجيا، ئوغلاق تارتىشىش، تۆگە بەيگىسى، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق سەككىز مۇسابىقە تۈرى ۋە دارۋازلىق، قىزقوۋار، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش، ساغاردى، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، قوشقار سوقۇشتۇرۇش، مىللىيچە گىمناستىكا قاتارلىق سەككىز ئويۇن كۆرسىتىش تۈرى تەسىس قىلىندى. (تەشۋىقات ـ مائارىپ باشقارمىسى. مۇنىرە)

**كومىتېت ئورگىنىمىز 2005 ـ يىللىق خۇلاسىلاش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.** 2006 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئورگىنى 2005 ـ يىللىق خۇلاسىلاش، تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 2005 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئورگىنى بويىچە مۇنەۋۋەر كادىر، مۇنەۋۋەر ئىشچى، مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرى، مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدىكى ئاكتىپ بولۇپ باھالانغان خادىملارنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. كومىتېت پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جېنچياڭ خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئۇ كومىتېت ئورگىنىمىزنىڭ 2005 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە 2006 ـ يىللىق خىزمەتلەرگە قارىتا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەقدىرلەش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شۇ شىجيې «2005 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئورگىنى بويىچە مۇنەۋۋەر كادىر، مۇنەۋۋەر ئىشچىلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار» ۋە «مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرى، مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدىكى ئاكتىپلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار»نى ئوقۇپ ئۆتتى. كومىتېت رەھبەرلىرى يىغىندا تەقدىرلەنگەنلەرگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. (گې فېڭجياۋ)

**ئىلى ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر مىللەت، دىن خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى.** 2005 ـ يىلى ئوبلاستلىق پارتكوم بەش قېتىم دائىمىي ھەيئەت يىغىنى ۋە 12 قېتىم مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، تۆت پارچە يىغىن خاتىرىسى تارقاتتى، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «يېڭى مەزگىلدىكى بىرلىكسەپ، مىللەت، دىن خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار»نى تۈزۈپ چىقتى؛ ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ئاساسلىق رەھبەرلەر باش بولۇپ ئىككى قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جېنچياڭنى ۋەزىيەت دوكلاتى بېرىشكە ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ شتاتىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، دىن ئىشلىرى 2 ـ باشقارمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئوتتۇرا قاتلام رەھبىرىي كادىرلارنى سەپلەپ بەردى. غۇلجا شەھىرى شەھەرلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمەت ماشىنىسىنى يېڭىلاپ، يېزا ـ بازارلاردىكى بىرلىكسەپ خىزمىتى كادىرلىرىغا موتوسىكلىت سەپلەپ بەردى. (ئىلى ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

**شىنجاڭدىكى تۇنجى ئۆرپ ـ ئادەت سەنئەت مەكتىپى قۇرۇلدى.** 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، شىنجاڭدىكى تۇنجى ئۆرپ ـ ئادەت سەنئەت مەكتىپى قۇرۇلۇپ ۋەۋسكا ئېسىلدى. بۇ مەكتەپ ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي كەسپىي ئوتتۇرا مەكتىپى ئاساسىدا، ئۆزلىرى 20 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاش ئارقىسىدا قۇرۇلغان. نۆۋەتتە بۇ مەكتەپتە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىيچە ئەنئەنىۋى رەسساملىق، مىللىيچە ئەنئەنىۋى بېزەكچىلىك، ياغاچ ئويمىچىلىق،

مىللىيچە چالغۇ ـ ئەسۋاب ياساش، مىللىيچە مۇزىكا، ئەنئەنىۋى مۇزىكا (12 مۇقامدىن باشقا تۇرلۇك يەرلىك مۇقاملار)، مىللىيچە ناخشا ـ ئۇسسۇل قاتارلىق 16 تۇرلۇك كەسىپ تەسىس قىلىندى. بۇ مەكتەپ يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرگۈچىلەرنى تەربىيىلەش سىنىپىنى ئاچتى. بۇ مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلار خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، ئېنگلىزچىنى پۇختا ئۆگىنىپ چىقىدۇ. شاڭخەي، بېيجىڭ، شەندۇڭ، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردىكى مۇلازىمەت كەسپىي كۆزنەكلىرى بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ تېلېفون بېرىپ، بۇ مەكتەپتە مىللىي مەدەنىيەتنى چۈشەندۈرۈش كەسپىنى ئۆگىنىپ چىققانلارنى يۇقىرى مۇئاش بىلەن ئىشلىتىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، بۇ مەكتەپكە 200 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. (مىللىي، دىنىي سىياسەت تەتقىقات ئورنى)

**«جاڭغىر» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەر نەشردىن چىقتى.** 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز جۇڭگونىڭ قەھرىمانلار ئېپوسى «جاڭغىر»نى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، ئىككى قېتىم جۇڭگو شىنجاڭ «جاڭغىر» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىپ، 21 پارچە ئوخشاش بولمىغان يېزىق ۋە نۇسخىدىكى «جاڭغىر»نى رەتلەپ نەشردىن چىقاردى. 1991 ـ يىلى جۇڭگو «جاڭغىر» تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئون نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، ئەزالار دەسلەپكى 100 نەچچە نەپەردىن ھازىرقى 300 نەچچە نەپەرگە كۆپەيدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «جاڭغىر»نى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشتا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بادەي تۈزۈپ چىققان «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات» دېگەن ئەسەر موڭغۇلىيىدىكى تارىخشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇلار بۇ كىتابنى ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە دەپ قارىدى. (مىللىي، دىنىي سىياسەت تەتقىقات ئورنى)

**مارالبېشى ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىدى.** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مارالبېشى ناھىيىسى ئاۋات بازارلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت دىنىي زاتلار ئارىسىدا نۇرغۇن نامرات ئائىلىلەر بولۇشتەك رېئاللىققا قارىتا، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ دىنىي زاتلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتتى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 79 نەپەر دىنىي زاتنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى، يېڭىلىق يارىتىش تەسەۋۋۇرىنى كېڭەيتتى. ئۈچ قارار دىنىي زاتلارنى پەن ـ تېخنىكا بويىچە ھەقسىز تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئۇلارنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشقا رىغبەتلەندۈردى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، نۆۋەتتە بۇ بازاردىكى 40 نەپەر دىنىي زات ھاللىق سەۋىيىگە يېتىپتۇ. (قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى مىللىيچە چالغۇ ئەسۋابلىرى كەنتى پراكتىكا بازىسى قۇردى.** قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوغۇساق يېزىسى تۆۋەنكى ئوغۇساق كەنتى يىراق ـ يېقىندا نامى چىققان مىللىيچە چالغۇ ئەسۋابلىرى كەنتى. بۇ كەنتتە 570 ئائىلىلىك بولۇپ، 270 ئائىلىلىك مىللىيچە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساشنى بىلىدۇ. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ھېسابلىنىدىغان مىللىيچە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش، دېھقان پەرزەنتلىرىنى بىر خىل ھۈنەرگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، 1999 ـ يىلى ئوغۇساق يېزىسى 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كەنتتىكى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە «جۇڭگو شىنجاڭ مىللىيچە چالغۇ ئەسۋابلىرى كەنتى پراكتىكا بازىسى»نى قۇردى، ئوقۇغۇچىلار بۇ مەكتەپتە چالغۇ ئەسۋابلارنى ياساشنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياغاچىلىق، سەيپۇڭلۇق ۋە گىلەم توقۇش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگىنىدۇ. نۆۋەتتە، بۇ كەنتتە ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان 6 مىڭدىن كۆپرەك چالغۇ ئەسۋاب ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا سېتىلىۋاتىدۇ. بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ مۇشۇ بىر تۈردىنلا قىلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 800 يۈەندىن ئاشتى. 2004 ـ يىلى، بۇ كەنتتە ئىشلەپچىقىرىلغان مىللىيچە چالغۇ ئەسۋابلىرى شەرەپ بىلەن «مەملىكەت بويىچە يېزا ياشلىرى قول ھۈنەر ـ سەنئەت پىششىۋاسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى

# شىنجاڭنىڭ مىللەت ، دىن خىزمىتى خاتىرىسى

(2005 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە)

## 11 ـ ئاي

1 ـ نويابىردىن 6 ـ نويابىرغىچە گۇيياڭ خۇاشىدا ئۆتكۈزۈلگەن 5 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو «نەنلۇپەر مۇكاپاتى» مىللىيچە ئۇسسۇل ئويناش مۇسابىقىسىدە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىم ناخشا ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇنلىغان «دولانلىقلار» ناملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇل بىردىنبىر ئورۇنلاش ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشتى.

1 ـ نويابىر ، «پەلەك شاھى» كىنودا رول ئالدى. بوشلۇقتىكى پولات سىمدا مېڭىش بويىچە بەش قېتىم دۇنيا رېكورتىنى يارىتىپ ، «پەلەك شاھى» دەپ نام ئالغان ئادىل ھوشۇر يېقىندا ئىشلىنىدىغان «ئاپا ، مېنى تاشلىۋەتمەڭ» فىلىمىدە لېي فىڭچە بىر مېھرىبان كىشىنىڭ رولىنى ئالدى. ئۇ يەنە «قوياشقا يۈزلەنگەن ئادەم» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا رول ئېلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ.

4 ـ نويابىر ، ئاپتونوم رايون ، خۇلاسىلاش ـ تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەملىكەتلىك 10 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان تەنھەرىكەتچىلەرنى ۋە تېرىنېرلارنى تەقدىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى ھەممە مۇسابىقىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرنى كاتتا مۇكاپاتلىدى. 69 كىلوگىراملىقلار بويىچە ئالتۇن مېدال ئالغان بوكس ماھىرى قانات ئىسلام بىلەن ئەرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھىرى شۆ خېيفېڭ ، جۇن جۇاڭ ، سۇڭ جۇنجيې قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى 200 مىڭ يۈەن بىلەن ، ئۇلارنىڭ تېرىنېرلىرىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 200 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى.

5 ـ نويابىردىن 6 ـ نويابىرغىچە ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «بايىنغولىن» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ، بايىنغولىن موڭغۇلچە كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان ، خېجىڭ ناھىيىسى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى مەسئۇل بولغان بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستلىق تۇنجى نۆۋەتلىك موڭغۇل شېئىر ، نەسىرلەرنى دېكلاماتسىيە قىلىش تېلېۋىزىيىدە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى خېجىڭ ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. پۈتۈن ئوبلاستتىن كەلگەن 110 دىن كۆپرەك ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشتى.

9 ـ نويابىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئۇيغۇر دورىگەرلىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ، ھەمدە شىنجاڭنىڭ مىللىي سانائىتىنى زورايتىش لازىم دەپ تەكىتلىدى.

9 ـ نويابىر ، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شىبە يېزىقى خەتتاتلار تەتقىقات ئورنى ، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن تۇنجى نۆۋەتلىك شىبە يېزىقى ، مانجۇ يېزىقىدىكى خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلدى ، كۆرگەزمىگە قويۇلغان 100 نەچچە پارچە ئەسەر جۇڭگودىكى ئاتاقلىق خەتتات ، شىبە ۋە مانجۇ يېزىقى خەتتاتلىقىنىڭ بەرپاچىسى گې تۇكىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ 27 ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئەسەرلىرى ئىكەن.

16 ـ نويابىر ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 28 كىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت-

لەر ئىشلىرى كومىتېتى ( دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) غا ، كېلىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

17 ـ نويابىر ، يېقىندا شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن «زامانىمىزدىكى جەلپكار قەدىناس ئەر ـ خوتۇنلار سەنئەت مۇسابىقىسى » گە قاتناشقان دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك ئارتىس ئىبراھىم پەخرىدىن بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئاپرېل سەمەت ( گوۋۋيۇەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك ئارتىست ) بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئۆزگىچە ئورۇنلاش ماھارىتى بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن قەدىناس ئەر ـ خوتۇنلارنى ۋە تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرۇپ ، جەلپكار قەدىناسلارنىڭ جەلپكارى بولۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە بۇ بىر جۈپ پېشقەدەم سەنئەتكارنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئورۇنلىغان «ئۇنتۇلماس دەقىقىلەر » ناملىق ئېتوتى تاماشىبىن ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە يۇقىرى باھاسىغا سازاۋەر بولۇپ ، ئەڭ ياخشى ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋي سەنئەت سارىيىمۇ «ئەڭ ياخشى تەشكىللەش » مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

24 ـ نويابىر ، 70 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر ، قازاق تەرجىمانلارنىڭ ئىككى يىلدىن ئارتۇق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ، ئۇيغۇرچە ، قازاقچە «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشردىن چىقتى.

25 ـ نويابىر ، ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى 3 ـ تۈركۈمدىكى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى »نى ئېلان قىلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىلتىماس قىلغان «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى » بۇ قاتاردىن ئورۇن ئالدى.

11 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يىغىن ئېچىپ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۈزگەن «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىنىڭ ‹11 ـ بەش يىللىق › پىلانى »نى مەخسۇس ئۆگەندى ۋە مۇزاكىرە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن كاتىباتباشلىقى يولداش ئابلىز ھوشۇر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغۇچى 25 ئىدارىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

## 12 ـ ئاي

1 ـ دېكابىر ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ «ئېگىز تاغدا مەشرەپ » ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ «ئاق قالپاق » شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك كەسپىي ئۇسسۇل مۇسابىقىسى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە، مىللىيچە ئۇسسۇل ئويناش مۇكاپاتى، ئەسەر مۇكاپاتى، رىژىسورلۇق مۇكاپاتى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشتى.

1 ـ دېكابىر ، ئاۋىستىرالىيە «ئالماس تېغى » پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ لېدىرى ليۇ خەييەن شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى ب د ت غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئىلتىماس قىلىشى ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن ياردەم قىلدى.

3 ـ دېكابىر ، يازغۇچى ساكەن ئۆمەر ، قېيۇم ئابدۇقادىرسالى ، توختاش بەكرى ، بۇغدا ئابدۇللا ، جۇمەدىل مەممان قاتارلىق 5 كىشى مەملىكەتلىك 8 ـ قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرى بويىچە «تۇلپار مۇكاپاتى »غا ئېرىشتى، دىلمۇرات ھىمىت تەرجىمە ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن 10 پارچە بار بولۇپ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ 33% ىنى ئىگىلەيدۇ.

3 ـ دېكابىر، www. xjban. com تور بېكىتى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى

ئۇچۇر باشقۇرۇش مەركىزىدىكى خادىملارنىڭ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە، 1 ـ دېكابىر «شىنجاڭ سىنىپى» تور بېكىتى رەسمىي قۇرۇلدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە قۇرۇلغان بۇ تور بېكىتىگە ئوقۇتۇش تەرەققىياتى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى ۋە رايونىمىزدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن.

4 ـ دېكابىردىن 5 ـ دېكابىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «قوش تىللىق» ئوقۇتۇش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى، «قوش تىللىق» ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تىل ئۆگىنىشتىكى ئالتۇن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلىشىمىز، بالىلار مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى «قوش تىل» تەربىيىسىنى يولغا قويۇپ، «قوش تىللىق» ئوقۇتۇش قەدىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

4 ـ دېكابىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ پېشىۋاسى، داڭلىق مۇقامچى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئوغلى قاۋۇل تۇردى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدىكى 70 كە يېقىن مۇتەخەسسىس ۋە ئالىم بۇ قىممەتلىك گۆھەرنى قوغداش ـ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بەردى.

4 ـ دېكابىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «قوش تىللىق» ئوقۇتۇش خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئۇ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى. ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «قوش تىللىق» ئوقۇتۇشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى. «ئانا تىلىغىمۇ، خەنزۇ تىلىغىمۇ پىششىق بولۇش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ «قوش تىللىق» ئوقۇتۇش قەدىمىنى تېزلىتىشى كېرەك.

6 ـ دېكابىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات نەشرىياتچىلىق ئىدارىسى بۇغدا مېھمانخانىسىدا 5 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ گېزىت ـ ژۇرنال مۇكاپاتى، «قوش ئون مۇنەۋۋەر» گېزىت ۋە 4 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى، «لىن زېشۈ شىنجاڭدا» ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى قاپىيە لۇغىتى»(ئۇيغۇرچە)، «ماناس» (1 ـ 2 ـ قىسىم) (قىرغىزچە) قاتارلىق تۆت كىتاب بى-

رىنچىلىككە ئېرىشتى؛ شىنجاڭ گېزىتىنىڭ تۆت خىل تىلدىكى نەشرى، شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى 2 خىل تىلدىكى نەشرى قاتارلىق 18 خىل گېزىت «قوش ئون مۇنەۋۋەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى 9 خىل ژۇرنال 4 ـ نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

8 ـ دېكابىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دۇ چىنرۇي بىرلىكتە شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىشخانا بىناسىغا ئېسىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، تەتقىق قىلىش مەركىزى ۋىۋىسكىسىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى، بۇ مەركەزنىڭ قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

9 ـ دېكابىر، ئاپتونوم رايونىمىز، رايونىمىزنىڭ ئاساس مائارىپىنىڭ يېڭى دەرسلىك تەجرىبە خىزمىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ پوچتا ـ تېلېگراف تور پونكىتىدىن پايدىلىنىپ، 2005 ـ يىللىق «2 ـ قارار مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى» ئاساس مائارىپى يېڭى دەرسلىكى يىراق مۇساپىلىق تەربىيىلەش، بىۋاسىتە ئاڭلىتىش دەرسخانىسى باشلانغۇچ مەكتەپ كۇرسى ئۆيۈشتۇردى. شىنجاڭدىكى 123 ناھىيە يېزىنى ئاساس قىلغان تارماق كېڭەيتىش سورۇنلىرى بىرلا ۋاقىتتا شۇ پائالىيەتكە قاتناشتى. نۆۋەتتە، «شىنجاڭ مائارىپ سۇنئىي ھەمراھ تور پونكىتى» رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. شىنجاڭ بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى جەمئىي 30 مىڭ ئادەم قېتىم بۇ قېتىملىق تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى.

13 ـ دېكابىر، ئاپتونوم رايونىمىز تۇنجى قېتىم ئاز سانلىق مىللەتلەر يېڭى ئەدەبىي ئەسەرلىرى كاتتا توپلىمى «سىدە ئاستىدىكى مەنزىرە» سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. پۈتۈن كىتابتا ھېكايىلەر توپلىمى (15 پارچە)، نەسرلەر توپلىمى (21 پارچە) ۋە شېئىرلار توپلىمى (60 گۇرۇپپا)غا بۆلۈنگەن. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ھەم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدىكى يازغۇچىلار، ئالىملار ھەمدە بۇ كىتابنىڭ بىر قىسىم يازغۇچىلىرى قاتنىشىپ، رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان تەكلىپلىرى ۋە ئارزۇلىرى ئۈستىدە كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلاشتى.

14 ـ دېكابىر، 1953 ـ يىلى قۇرۇلغان، 2685 نەپەر ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شىنجاڭ موڭغۇل سىفەن (دارىلمۇئەللىمىن) مەكتىپى شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا رەسمىي قوشۇۋېتىلدى.

15 ـ دېكابىر كورلا شەھىرى خىرىستىيان دىنى «ئۈچ ئۆز» ۋەتەننى سۆيۈش ھەرىكىتى كومىتېتى، خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنى ئاچتى، ئوبلاستلىق مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىي شەنلياڭ تەكلىپ بىلەن يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى، جەمئىي 90 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

18 ـ دېكابىر، «پەلەك شاھى»، شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكى دارۋاز كوماندىسىنىڭ باشلىقى ئادىل ھوشۇر جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان 16 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياشنى باھالاش پائالىيىتىدە جۇڭگودىكى كۆزگە كۆ

رۇنگەن ئون ياشنىڭ بىرى بولۇپ سايلاندى.

20 ـ دېكابىر، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا تۇنجى «موڭغۇلچە هۆسنىخەت ئەسەرلىرى توپلىمى» نى تارقىتىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. موڭغۇلچە هۆسنىخەت ئەسەرلىرىنىڭ يېنىغا خەنزۇچە ماسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى كۆپەيتتى.

21 ـ دېكابىر ، 2005 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى خۇلاسىلاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن يىغىندا مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردىكى لاياقەتلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇشى كېرەك.

22 ـ دېكابىر ، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس ۋە مەزكۇر مەكتەپنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى باشلامچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، مۇقام ئوقۇتۇشى تەتقىقاتى، سەنئەت ئەمەلىيىتى قاتارلىق خىزمەتلەر ھەم ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى»غا ئىلتىماس قىلىنغانلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى خۇسۇسىدا بېرىلگەن يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتى ئالدىدا ، قانداق قىلغاندا ھەقىقىي يۇسۇندا بۇ مەشھۇر سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆز زىممىمىزگە ئالالايمىز ھەمدە نورمال تەرەققىي قىلدۇرالايمىز دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل سۆھبەت ئېلىپ باردى.

22 ـ دېكابىر ، 26 يىللىق تارىخقا ئىگە «خۇيزۇلار ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى سانجىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، سانجىلىقلار ئۆزلىرى چىقارغان ژۇرنالنىڭ 4 ـ قېتىملىق شىنجاڭ مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىنى قۇتلۇقلاشتى، جۇۋ تاۋ، جاۋ گۋاڭمىڭ قاتارلىق داڭلىق يازغۇچىلار ھەمدە ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان ئاپتورلار بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ ئۆزئارا قۇتلۇقلاشتى.

25 ـ دېكابىر ، ئاپتونوم رايونىمىز ئاچقان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى بويىچە دوكلات بېرىش يىغىنىدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەشنى بىر تۇرلۇك ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇشى، ئۇزاق مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان مېخانىزم ئورنىتىپ، تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى، تەربىيىلەش مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇشى ، بۇ ئارقىلىق تەربىيىلەشتە ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى لازىم. يىغىنغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كېرىمباي، جاڭ شيۇمىڭ، نۇر بەكرى، شاۋكەت ئىمىن، جاپپار ھەبىبۇللا قاتارلىقلار قاتناشتى.

26 ـ دېكابىر ، قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزىسى چوپانيولى مەكتىپىنىڭ 22 ياشلىق ئوقۇتقۇچىسى ئېزىز ھەمدۇللا ئىجاد قىلغان ئۈچ كەشپىيات بۇ يىل دۆلەت پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئېزىز ھەمدۇللا كىشىلەرنىڭ قەلەمگە سىياھ ئېچۈرۈش ۋاقتىنى تېجەش، موتسىكلىت مىنگۈچىلەرنىڭ تورمۇزلاشتا بىخەتەرلىك قىلىش

سەۋەبىدىن ئاۋارىچىلىقتا يولۇقىشىنى تۈگىتىش ئۈچۈن «سىياھ ئىچۈرۈشكە قولايلىق قەلەم»، «ئېغىزى ئېچىلمايدىغان سىياھ قۇتىسى» ۋە «موتىسكىلىت تورمۇزىغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان موفتا» دىن ئىبارەت ئۈچ كەشپىياتىنى ياراتتى. بۇ ئۈچ تۈر پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

28 - دېكابىر، شىنجاڭدىكى تۇنجى خەلق سەنئىتى مەكتىپى ئۈرۈمچىدە يوپۇق ئاچتى.

12 - ئايدا، شىنجاڭدىكى تۇنجى مۇسۇلمانچە يېمەكلىك تور پونكىتى (www. uqz. com) ئېچىلدى. نۆۋەتتە، مەزكۇر تور پونكىتى مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرگە دائىر قانۇن - نىزاملار، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇنەۋۋەر كارخانىلار (يەككە سودا - سانائەتچىلەر) نى تونۇشتۇرۇش، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر باشقۇرۇش نىزامى» غا خىلاپلىق قىلىنغان ئىش - ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىشتا ئالاقىلىشىدىغان ئۇسۇل قاتارلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

12 - ئاي، دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك تەرەققىيات ئىسلاھات كومىتېتى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، كادىرلار مىنىستىرلىكى قاتارلىق بەش ئورۇن بىرلىشىپ يولغا قويغان «ئاز سانلىق مىللەتلەر يۇقىرى سەۋىيىلىك تايانچ خادىملىرىنى تەربىيىلەش پىلانى» تۈرى بويىچە 2006 - يىلى مەملىكەت بويىچە 2500 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن 189 كىشى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىن 33 كىشى قوبۇل قىلىنىدۇ.

12 - ئايدا، يېقىندا شىنجاڭ كروران ئىلمىي جەمئىيىتى كاتىبات باشلىقى خې دېشيۈنىڭ ئەجادىي رومانى «جاڭغىر» نىڭ ئارگىنالىدىن 150 مىڭ خەتلىك قوليازمىسى پۈتتى، ھەممە پىكىر ئېلىندى، ئاغزاكى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ داستان «جاڭغىر» نىڭ ئەسىر ئاتلاپ بۈگۈنكى كۈندە رومان سىيۇژىتى بويىچە پۈتۈپ چىقىشى «جاڭغىر» نىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش.

12 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ ئاخبارات نەشرىياتچىلىقى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن، بۇ يىل مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك دۆلەت باج ئىدارىسى بىرلىشىپ «ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى نەشر بۇيۇملىرىنى بېسىش قوشۇلما قىممەت بېجى سىياسىتىگە دائىر ئۇقتۇرۇش» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تارقاتتى، شىنجاڭدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ 2005 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىجرا مۇددىتى توشىدىغان قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ قايتۇرۇلما باج ئېتىبار سىياسىتى 2009 - يىلغىچە ئۇزارتىلدى. قايتۇرۇلىدىغان باج دائىرىسى ھازىر يولغا قويۇلىۋاتقان پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرناللىرى ۋە ئىلىم - پەن تۈردىكى نەشر بۇيۇملىرىدىن ھەر خىل نەشر بۇيۇملىرىغىچە كېڭەيتىلىدۇ دېيىلدى. ھەممە ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات نەشرىياتچىلىقى ئىدارىسى بېكىتكەن، A ۋە B تۈردىكى 37 باسمىچىلىق كارخانا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىنغان نەشر بۇيۇملىرى (رەسىملىك كىتاب، گېزىت، قەرەللىك ژۇرناللار) نىڭ ئادەتتىكى قوشۇلما قىممەت بېجىدىمۇ قوشۇلما قىممەت بېجىنى ئاۋۋال يىغىش، ئاندىن قايتۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ.

**مۇنەۋۋەر ئابدۇللا** تەرجىمىسى
تەھرىرلىگۈچى **قۇربان مۇھەممەت**

(بېشى باش بەتتە)

سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى، يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى مىللەت، دىن خىزمىتىدە ئۇزلۇكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرقانچە پىكىرنى دەپ قويماقچى:

بىرىنچىدىن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئارقىلىق مىللەت، دىن خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىگە بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى ۋە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىنغا ئائىت سىياسەتلىرىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ شۇنداقلا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئۇيغۇنلاشقان كۈچلۈك ئۇيۇشما كۈچ قىلىپ شەكىللەندۈرۈش لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئىلمىي تەرەققىيات كۆزقارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى پۇختا ئىگىلەپ، مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى بېكىتكەن تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. بۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرى ۋە مىللىي رايونلار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىيىتىنىڭ تېز ھەم ياخشى تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئىشلەپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقتا ياشاۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش لازىم؛ چېگرىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ مېۋىسى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنى نەپكە ئېرىشتۈرۈش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان ئۇلۇغ مىللىي روھنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى قانۇن بويىچە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

تۆتىنچىدىن، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە ئائىت ئاساسىي فاڭجېنى ۋە «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ۋە سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم. دىن خىزمىتىدىكى «ئۈچ قوشۇن» قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، چەتئەلنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇش، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش لازىم.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن يېڭى يىل كېلىدۇ، يېڭى يىلدا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق، تېنىنىڭ سالامەت، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيمەن!

مەھمۇد ئىنايەت تەرجىمىسى
تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# مىللەت، دىن خىزمىتى ئالبومى






2005 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، 2005 ـ يىللىق ئىسلام دىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى خۇلاسىلاش يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى. (ليۇتوك فوتوسى)



2005 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ [illegible] ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم [illegible] كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن (سولدىن 1 ـ كىشى)، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي (سولدىن 2 ـ كىشى) كومىتېت (ئىدارە) مىزگە كېلىپ خىزمەتلىرىمىزنى تەكشۈردى. (ليۇتوك فوتوسى)



2006 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە «شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش» تەتقىقات تېمىسى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. (ليۇتوك فوتوسى)



◀ 2006 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، سانجى شەھەرلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قازاق دىنىي زاتلارنى يوقلىدى. (ماگوفېن فوتوسى)



[illegible] 2 ـ [illegible] 23 ـ كۈنى، «شىنجاڭنىڭ [illegible] تەزكىرىسى [illegible] دىن تەزكىرىسى» نى تۈزۈش [illegible] يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) مەجلىسخانىسىدا ئېچىلدى. (ليۇتوك فوتوسى)



ئاپتونوم رايو[illegible] [illegible] [illegible]سىدا ئۆللۈلىق [illegible]، مېھرى ـ [illegible] قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. [illegible] اراماي شەھەرلىك مىللەت ـ دىن [illegible]ستېتى خىزمەتچىلىرى ئاپەتكە [illegible] [illegible]. (ئابلىكىم ئابلا فوتوسى)

# كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىدىن كۆرۈنۈشلەر



▲ 2006 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دۇەن شۈيى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى باشلاپ كېلىپ، كومىتېت (ئىدارە) مىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» بەرپا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزىۋالدى.
(گې فېڭجياۋ فوتوسى)




▲ 2006 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى رەھبەرلىرى كومىتېت (ئىدارە) مىزگە كېلىپ، ئىتتىپاق ياچېيكىسى خىزمىتى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.
(ليۇتوڭ فوتوسى)



كومىتېت (ئىدارە) مىز رەھبەرلىرى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلىرىمىزنى يوقلىدى. سۈرەتتە ليۇجېنچياڭ شۇجى (سول تەرەپ) پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە خۇ يەنگويىڭ (ئوڭ تەرەپ) بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتىدۇ.
(پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسى تەمىنلىگەن)



◀ 2005 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىز 2005 ـ يىللىق رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى دېموكراتىك باھالاش يىغىنى ئاچتى.
(ليۇتوڭ فوتوسى)



▶ 2005 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، كومىتېت (ئىدارە) مىز ئورگاندىكى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى يىغىنىنى چاقىردى.
(ليۇتوڭ فوتوسى)




2006 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىز 2005 ـ يىللىق خۇلاسىلاش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.
(ۋاڭ ۋېيشېڭ فوتوسى)




يىغىندا، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. (ۋاڭ ۋېيشېڭ فوتوسى)